# يېڭى قاشتېشى

# NEW JADE LITERATURE

1

1993

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**ھايات**

(راخمان ئوبۇل فوتوسى)

# يېڭى قاشتېشى

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

1

1993

(ئون بەشىنچى يىل نەشرى)

(ئومۇمىي 69 ـ سان)

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: مىجىت باقى   مەسئۇل مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# بۇ سانىدا

چەت ئەلگە چىقىش نومۇرى: ISSN 1002 — 929X

## ھېكايىلەر


قوشتاغدىكى مۇشائىرە ...... نۇرمۇھەممەت توختى 1
ساداقەت ئىمتىھانى ...... مەمەتجان مەتسەيدى 18
خادا ...... مۇھەممەتئېلى مەتىمىن 23
ئىسىت، ئون يۈەن ...... ئابلەت ئەزىز 25
كالاچ ...... يۈسۈپ توختى 37
ئالتۇن ھالقا ...... ئابلەت مەتىمىن 45
«دانىشمەن» ئامبال ...... (رىۋايەت) ...... ئۆختەرجان مۇھەممەت 50


## ئەدەبىي ئاخبارات


تاشيول قاراۋۇلى ھەققىدە قىسسە ...... سىدىق قاۋۇز 72


## كىتابخانلاردىن خەت


تۈنۈگۈنكىنى ئەسلەش — ئەتە ئۈچۈندۇر ...... مەھەممەت چاۋار 17
تەنقىد ئادىل، توغرا بولۇشى كېرەك ...... ئابدىقادىر مەتسىدىق، ئابدۇلھېكىم كېرەم 52


## شېئىرلار


ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق ...... ئابدۇللا سۇلايمان 26
شېئىرلار ...... ئابدۇرېھىم زۇنۇن 30
شېئىرلار ...... ئابدۇراخمانجان ئابدۇكېرىم 31
يول ...... بارات ئىمىن 32
شېئىرلار ...... ئۆمەرجان توختىروزى 33
بىزنىڭ تىلەك ...... نۇرسىمان ئابدۇقادىر 35
سۆيۈش پەيتى ...... مىھرىجان مەتتوختى 35
تاڭ شاملى ئەلچىمگۇ سېغىنىش ...... ئابدىقادىر مەتسەيدى 36
تەبەسسۇم ئەيلىگىن، ئەمما بىرلا رەت ...... ئۆمەرجان قاسىم 36
ئاق كېپە ...... ئوبۇلھەسەن سىدىق 36
جۇدالىق پەريادى ...... ياسىن زىلال 56
ئۈچ غەزەل ...... خالىس 63
ئىككى شېئىر ...... تەلئەت ئاتاۋۇللا 64
ئىككى شېئىر ...... ئەركىن داۋۇت 65
شېئىرلار ...... تۇراخۇن ئوبۇل 65
ئىككى شېئىر ...... ئابابەكرى مۇساق 67
ئىككى مۇخەممەس ...... مەھەممەت كامال 68
ئىككى شېئىر ...... روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ 70
ئىككى شېئىر ...... پاتىگۈل مەتنۇرى 71


## نەسرلەر


ئىككى نەسر ...... ئايگۈل روزى 79
ئىككى نەسر ...... ئالىم مەتنۇرى 81
يۇرۇڭقاش كۈيلىرى ...... ئابدىرىشىت ئىلى 83


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


يېڭى زامان خەلق قوشاقلىرى ...... توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان 85


## ئەقىل خەزىنىسىدىن


ئەقلىيە سۆزلەر ...... ئاباي قۇنانباي ئوغلى 87
...... نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر تۇرسۇن


(بۇ ساندىكى ھۆسن خەت، قىستۇرما رەسىملەرنى ھەبىبۇللا ھەسەن ئىشلىگەن)



# قوشتاغدىكى مۇشائىرە

(تارىخىي ھېكايە)



بۇنىڭدىن توقسان يىل مۇقەددەم، گۈمىدىن قوشتاغقا چىقىدىغان تاغ يولىدا بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئاستا - ئاستا تاغقا ئۆرلەپ كېلىۋاتاتتى. يىراقتىكى قىردىن قاراپ تۇرغان، چىرايىنى قارا ياغلىق بىلەن نىقابلىۋالغان يوچۇن ئادەمگە ئاق بۇلۇت بوشلۇقتا ئۈزۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ جەنۇبتا سوزۇلۇپ ياتقان تاغ چوققىلىرىغا نەزەر سالدى. ئۇياقتا توپ - توپ ئاق بۇلۇتلار گويا ھاردۇق ئېلىۋاتقاندەك تاغ چوققىلىرىغا قونۇپ ئولتۇرۇشاتتى. يوچۇن ئادەم يەنە شىمالغا بۇرۇلدى. ئاق بۇلۇت ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلۇپ كېلەتتى. ئاخشامقى يامغۇردىن كېيىن ھاۋا تىنجىپ قالغان، ئازراق ئاجىز سەلكىنمۇ بولمىسا، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاق بۇلۇت بۇ؟ ... يوچۇن ئادەم چوڭ - چوڭ قارا كۆزلىرىنى يىراقتىكى ئاق بۇلۇتقا تىكتى. قامچا تۇتقان ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ كۆتۈردى. پۇرۇم - پۇرۇم قورۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارىچۇقتىن ئېتىلىپ چىققان ئۆتكۈر نۇر نەيزە بولۇپ ئاشۇ ئاق بۇلۇتقا سانجىلدى...

يوچۇن ئادەم قاردەك ئاق ئاتلارنى، ئاق شايى يەكتەكلەرگە ئورالغان گەۋدىلەرنى ئىلغا قىلدى. ئۇلارنىڭ سەللىلىرىمۇ قاردەك ئاق ئىدى. «راستىنلا ئاق بۇلۇت، پاكىز، غۇبارسىز ئاق بۇلۇت ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئاق ئاتلار تۈلكە يورغىسى بىلەن ئالدىرىماي قەدەم تاشلايتتى، ئارىدىن بىرەر ئات بۆرە يورغىسىغا ئۆتۈپ ئالغا ئۈزاپ كەتمەكچى بولسا، ئۈستىدىكى ئاق يەكتەكلىك پەرىشتە يۈگەننى تارتىپ - تارتىپ قوياتتى. ئاق ئاتلار يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا توپلىشىپ، بىر - بىرىگە سۈركىلىشىپ ئالغا چامدايتتى. يوچۇن ئادەم ئات

لارنىڭ ئالدىرىماي يورغىلاشلىرىغا، توپـ
لىشىپ مېڭىشلىرىغا قاراپ، ئىگەر ئۈستىدە
قىزىق، ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك سۆھبەت
كېتىۋاتقانلىقىغا جەزم قىلدى...

ئالدى بىلەن ئاتلار سالاملاشتى. ئاق
بۇلۇت ئىككى يۈز قەدەمدەك جايغا يېقىنـ
لاپ كەلگەندە، يوچۇن ئادەمنىڭ تاگدىكى
شەپەقتىن رەڭ ئالغان ئوتقاشتەك قىزىل
ئېتى ھۆرمەت بىلەن كىشنىدى. يىراقتىن
ئاق ئاتلار بەس - بەستە كىشنەپ جاۋاب
قايتۇرۇشتى. تاغنى ئاتلارنىڭ كىشنىگەن
ئاۋازى جاراڭلىتىۋەتتى. كىمنىڭدۇر ئاق
ئېتى چېپىپ - چاپچىپ، شوخلۇق بىلەن
كىشنەپ توپتىن ئايرىلىپ چىقتى ۋە ھاـ
يال ئۆتمەي چىڭ تارتىلغان يۈگەننىڭ
زورىدىن يەنە توپىغا قېتىلىپ كەتتى. يوـ
چۇن ئادەم ئىسمىلالىق ئىسمايىل داـ
موللامنى تونىدى. «داموللام مېھمان باشـ
لاپ كېلىۋېتىپتۇ - دە، بوپتۇ، مال - دۇنـ
يانى ئاشۇنداق بۇزۇپ - چاچقۇلۇق،
يالغۇز باشقا كۆپلۈك قىلىدۇ ئۇ...» دەپ
ئويلىدى ئۇ يەنە.

ئاق بۇلۇت قىرغا كۆتۈرۈلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

سالام تاق، جاۋاب گۈرۈلدەپ چىقتى.

— يول بولسۇن!

— يول بولسۇن!

ئاق بۇلۇت ئۆتۈپ كەتتى. يوچۇن ئاـ
دەم بىر - بىرىدىن رەڭ تالاشقاندەك كۆـ
رۈنىدىغان ئوخشاش ئاق ئاتلار، قاردەك
ئاق شايى تون ۋە سەللىلىرىدىن كۆرە،
خېزىردەك سالاپەت، پاكىز ۋە نۇرلۇق
چېھرىلەرگە بەكرەك ھەيران بولۇپ تىـ
كىلدى. ئات ئۈستىدىكىلەرمۇ مۇناردەك
ئېگىز، يوغان ۋە گەۋدىلىك ئادەمگە،
ئۇنىڭ قارا نىقابىغا تەئەججۈپ ئىچىدە
قاراشتى. يوچۇن ئادەم ئاشۇ قىسقىغىنا
بىر نەچچە دەقىقە ئىچىدە، ئۇلارنىڭ كۆپـ
لىرىنى تونۇشقا ئۈلگۈردى. ئۇ، ئۇزاقى
يىللىرى ئاشۇ يەكەنلىك ۋە قاغىلىقلىق
تېۋىپ - ھېكىملەرگە تاغ ئۆسۈملۈكلىرى،
ئارقار ۋە بۇغا مۈڭگۈزى، ئىپار ئاھۇسـ
نىڭ كىندىكى قاتارلىق دورا - دەرمەكـ
لەرنى ساتقانلىقىنى يادىغا ئالدى. كۆزى
تولىمۇ يىراقنى كۆرىدىغان، زېھنى ئاجاـ
يىپ ئۆتكۈر بۇ ئادەم ھەيران بولۇپ قالـ
دى. «ئىسمايىل داموللامنىڭ ئۆيىدە كىم
بىمار بولۇپ قالدىكىنە؟ ياق، بىمار ئۈـ
چۈن بۇنچىۋالا كۆپ تېۋىپ تەكلىپ قىلىش
كەتمەيدۇ، ئىسمايىل داموللامنىڭ ئۆزىمۇ
تېۋىپ. ئۇ سانجۇدىكى ئافغانىستانلىق
كەلگىنىدى داموللامدا ئوقۇغاندا تېۋىپـ
ھېكىملىكنىمۇ قوشۇپ ئۆگەنگەن، ياق، بۇـ
لار كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن تەكلىپ قىـ
لىنغانلار ئەمەس...ئەمدى چۈشەندىم. بۇـ
لار شائىر - ئۆلىمالار ئىكەندە، ئەشئارنى
جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ياش داموللام
شائىر - تېۋىپلارنى ھەمسۆھبەت بولۇشقا
باشلاپ چىققانىكەندە، ۋاي بايۋەچچىيەي،
ئىسكەندەر موللامدىن قالغان مال - دۇنـ
يانى ئاشۇنداق بۇزۇپ - چاچ...»

يوچۇن ئادەم بەستىگە ماس بولمىغان
چاققانلىق بىلەن قىزىل توروققا سەكرەپ
مىندىدە، ئاق ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن
ئەگەشتى، ئۇنىڭ ئىسمايىل داموللام بىـ
لەن كۆرۈشمىگىنىگە ئىككى يىل بولغانىـ
دى. نېمىشقىدۇر ھېلى ئاشۇ ئاق ئاتلىقلار
ئالدىدا تونۇشلۇق بېرىشكە ئەيمەندى.
ئەمدى بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۇرسەتـ
دىدار ئىزدەپ ئەگەشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا
ئاق بۇلۇت ئاستا - ئاستا داۋانغا ئۆرـ
لەپ باراتتى...

× ×

دەر ھەقىقەت، يوچۇن ئادەم خاتالاشـ
مىغانىدى. ئاشۇ تاپتا شۇ زاماننىڭ ئەڭ

ئېسىل ئۆلىمالىرى، ئوت يۈرەك شائىرلىرى، خەلقپەرۋەر زاتلىرى جەم بولۇپ، ئەنە شۇ قوشتاغقا، ئىسسىلاغا، كوھتام دەرياسى بويىغا ھەم ئاجايىپ ئىزگۈ ۋىسال ئۈچۈن ھەم ئىسمايىل دامولامنىڭ ئەلۋەك مېھماندارچىلىقى ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. ئاق بولۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالدىدا كېتىپ بارغىنى قارا قاش، قارا كۆز. قاڭشارلىقى، قارا كەكە ساقىلى خۇينۇ ياراشقان ئوتتۇرا بوي ئادەم، بۇنىڭدىن توققۇز يىل مۇقەددەم يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەنجانلىق شائىر - تېۋىپ زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت ئىدى. شۇ چاغلاردا يەكەن خەلقى يېقىنچىلىق بىلەن ئۇنى «قورچاق ئەپەندىم» دەپ، ھەمسۆھبەتلىرى بولسا زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا قاغىلىقلىق ئۆلىما مۇتىللا ئەلەم ئاخۇنۇم، سول يېنىدا يېڭىسارلىق شائىر موللا سەئدۇللا، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا گۇمىلىق مەشھۇر ئۆلىما ئابدۇللا مۇفتى ھاجىم، مۇتىللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئوڭ يېنىدا بولسا ئىسسىلالىق ياش، ۋىجىك، كىچىككىنە بويلۇق ئىسمايىل ھاجىم (يىناق، بۇ چاغدا ئۇ تېخى ھەج قىلمىغان، ئىسمايىل داموللام دەپ ئاتىلاتتى) شاش ئېتىنى يورغىلىتىپ سەل ئالدىدا يول باشلاپ ماڭاتتى. ئاتلىقلارنىڭ ئىككىنچى رىتىدە قاغىلىقلىق نىزامىدىن ھاجىم، يەكەنلىك مەخمۇت قارى ھاجىم تەمبۇرچى، سالى ئەلەم، ئۆمەر ھاجىم، خالمۇھەممەت ھاجىم قاتارلىقلار؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى رەتتە بولسا، گۇمىلىق مەشھۇر داموللا، ئۆلىمالار ئاتلىرىنى دىۋىتىشىپ، زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ چەتئەللەر توغرىسىدىكى قىزىق سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى جاھان كەزگەن، دۇنيانى كۆرۈپ چۈشەنگەن يۈرەكنىڭ مۇڭ - زارلار، دەرد - ئەلەملەر، ئەپسۇس - نادامەتلەر توغرىسىدىكى ئەكس سادانىسى ياڭرىتاتتى. غەپلەتتە قالغانلارنى ئويغىتالماقچىدەك، نادانلارنى قامچىلىماقچىدەك تۇيۇلاتتى. ئاللىقانداق قەپەز - سولاقمىلار، چۇللۇك - بويۇنتۇرۇقلار، ئارقان - زەنجىرلەر، ھەپسە - زىندانلار ئۈستىدىن ھەزىل قىلاتتى. ئالەمنى، ئاللانىڭ نىيەت - ئىقباللىرىنى زىكرى قىلاتتى... زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم جاھان غەۋغالىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېتىۋاتقان شۇ تاپتا، نېمىشقىدۇر ئاشۇ سۆزلەرگە ئۆزىنىڭ زادىلا رايى يوقتەك، پەقەت ئاشۇ ياش ئىسمايىل دامولامنىڭ تۆكمەس سوئاللىرى ۋەجىدىنلا بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى يىراقتىكى تاغ چوققىلىرىغا، كۆپكۆك ئاسماندا ئۈچۈپ يۈرگەن بۈركۈتكە تىكىلەتتى. كۈتۈلگەن ئۈچرىشىش تەقەززاسىدا يۈرىكى دۇپۇلدەيتتى: ئۇ ئالىمنىڭ خىيالىغا ئالتە يىل تەشنائى مۇپتىلا بولدى، قاچانكى شۇ مۇپتىلالىق باشلانغاندىن بېرى ئۇنىڭ غايىۋانە سىماسى كېچە - كۈندۈز كۆز ئالدىدا جىلۋە قىلىدى. نۇرلۇق ئاي، سېھىرلىك بۇلاق، قامەتلىك سەرۋى بولۇپ گەۋدىلەندى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئاشۇ ئاي نۇرلىرىدا يۇيۇنغۇسى، سېھىرلىك چەشمە - بۇلاقلار بىلەن پىچىرلاشقۇسى، قامەتلىك چىنار بىلەن بوي تەڭلەشتۈرگۈسى كېلەتتى. لېكىن ئاشۇ ماھى تابانىنىڭ قايسى بۇلۇتنىڭ كەينىدە پىنھانلانغانلىقىنى، قايسى جىرادا كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جىرىڭلاپ، قايسى ئورمانىنىڭ دالدىسىدا يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيتتى،

www.uyghurkitap.com



مانا تۈنۈگۈن، مانانلار تارقاپ، بۇلۇت سۇزۇلۇپ ئۇنىڭ نۇرنى مەلۇم بولدى. مەخسۇم ھاجىمنىڭ تۇمانلانغان قەلبى پاللىدە يورۇپ كەتتى. مانا ھازىر ئاشۇ ئىسمىسلا تەرەپكە ئۆرلەۋاتقانلىرىدا ئۇنىڭ قاناتلىرى ۋىسال دەملىرىگە ئىنتىلىپ پەرۋاز قىلىۋاتاتتى...

يەكەن ۋە قاغىلىقلىق ئۆلىمالارنىڭ كۈملىق ئابدۇللا مۇفتى ھاجىمنىڭ مېھماندارچىلىقىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا ئون كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. ئاشۇ ئون كۈن لەززەتلىك لوقما-تائاملار، شېرىن مۇتائىلە-مۇلاھىزىلەر، مۇڭلۇق مۇقام-نەغمىلەر بىلەن تەمىنلەندى، ھۆرمەت سىنچايلىرى توختىماي ئايلاندى. مېھماندوست كۈملىقلارنىڭ ئىززەت پاياندازلىرى تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلدى... مېھمان ئىززەتلەنگىنىگە لايىق ئىززەتنى ساقلىشى، ئۆز ۋاقتىدا قايتىۋېلىشى كېرەك. ئۇلار ئەمدى قايتىش تەرەددۇتىغا كىرىشكەندە، مانا تۈنۈگۈن قوشتاغ-ئىسمىسلالىق ئىسمايىل داموللام ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئىسىل ئىگەر-جابدۇقلار بىلەن جابدۇلغان ئون بەش ئاق ئاتنى ئابدۇللا مۇفتى ھاجىمنىڭ چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك دەرۋازىسى ئالدىغا باغلاپ، «پەيغەمبىرىمىزنىڭ غېرىب ھويلىسىدىن مۇبارەك قەدەملىرىنى ئايىمىغايلا» دەپ چوڭ ئايۋانىڭ سەھنىسىدە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى. ۋىجىك، بوغداي ئۆڭلۈك، كىچىككىنە كۆزلىرى قاراقات دانىسىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان بۇ ياش موللىنىڭ كىيىنىشىدىن باياشاتلىقى، شېئىر-مىسرالىرى ئارىلاشقان گەپ-سۆزلىرىدىن بىلىملىك، شۇنداقلا ھاكاۋۇرلۇقى، ھەرىكەت ۋە قىلىقلىرىدىن شوخ ۋە يەڭگىلتەكلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ھەدېگەندىلا ئۇ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. بولۇپمۇ زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم ئۆزىنى ئاللىقانداق بېزارلىق تۇيغۇسى ئىلكىگە ئېلىۋالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە شېئىر-مىسرالىرىنى قالايمىقان ئىلەشتۇرۇۋېلىشىنى ياخشى كۆرمەيتتى.

مېھمانلار ئىسمايىل داموللامنىڭ تەكلىپىگە رەھمەت بىلەن ئۆزرە ئېيتتى. قايتىشقا ئالدىراۋاتقانلىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ يەنە بىر قېتىمدا ساھىبى قەدەم بولۇشقا ۋەدە قىلدى. لېكىن ئىسمايىل داموللام ئۆزى نىيەت قىلغان ئىشتىن ئۇنچە-ئاي قول ئۈزىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ مېھمانلارغا يار يېلىمدەك چاپلىشىپلا ئالدى. ئۆلىمالارنىڭ ئەزىز قوللىرىدىن سۆيۈشكە، مۇبارەك ئاياغلىرىدىن چۈشكەن چاڭنى كۆزلىرىگە سۈرتۈشكە، خۇش نەپەس سۆھبەتلىرىدىن كۆڭۈل كىرلىرىنى چايقاشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ تولىمۇ چىڭ تۇرۇۋېلىشىدىن ئالىي مۇقام مېھمانلار خىجىل بولۇپ قېلىشتى. مانا شۇ چاغدا مېھمان ئىگىسى ئابدۇللا مۇفتى ھاجىم زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنى يانغا باشلاپ، ئۇنىڭ چىرايلىق قۇلاقلىرىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ كۆزلىرى شۇ زامات چاقناپ كەتتى. «راست كىلىياگىدىمۇ؟» دېگەن تەئەججۇپلۇك سوئالى ئايۋاندىكى ھەممە كىشىگە ئاڭلاندى. ئۇ قۇلاقلىرىغا ھازىرلا ئاڭلانغان خۇشخەۋەرگە ئىشەنمەيۋاتاتتى. ئۇ، بۇرۇلۇپ مۇتەللا ئەلەم ئاخۇنۇمغا سوئال نەزەرى بىلەن ئىلتىپات قىلدى. مۇتەللا ئەلەم ئاخۇنۇم نېمىنىدۇر چۈشىنىپ ھۆرمەت بىلەن بېشىنى ئىغاڭلاتتى. بۇ ئۇنىڭ «ئاڭلىغانلىرى

راست ھەزرىتىم» دېگىنى ئىدى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم بىردىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئىسمايىل داموللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھاياجانلىق ئاۋاز بىلەن «ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ئىسىل خاندانلىرى ئەرزىمەس مېھمانلارنى قوبۇل قىلغاي» دەپ بېشىنى ئەگدى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ رازىلىق بىرىشىگە ئالىمنىڭ كوھىتام دەرياسى بويىدا پاناھلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تۈرتكە بولغانىدى. ئىسمايىل داموللامۇ شۇ زامان رازىمەنلىك بىلەن ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالدى، «خىزمەتلىرىگە بىجا ئىدىلىمىز» دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئارقىدىنلا ھەر بىر مېھمانغا بىردىن قاردەك ئاق شايى تون ياپتى. مانا شۇنداق قىلىپ بۈگۈن سەھەردە، تۇخۇنىڭ بىرىنچى چىللىقىدا قوشتاغنىڭ تېرىسىدىكى كوھىتام دەرياسى بويىغا قاراپ ئاتلانغانىدى.

× ×

شۇ زاماننىڭ يىتۈك ئالىمى، ئۇستىداتلىق، كۆپ تىللىق شائىر، ماھىر تېۋىپ ھۈسەيىنخان قۇتبىددىن شاھ ئوغلىنىڭ ئەزىز بېشىغا كېيىنكى يىگىرمە يىلدا ئىنتايىن ئېغىر كۈنلەر چۈشتى. خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ تۆھمەت - بەدنامىلىرى، مانجۇ مەمۇرلىرىنىڭ تەقىپ - قوغلاشلىرى ئۇنى زادىلا تىنچ قويمىدى. ئاللىقانداق بىر يوشۇرۇن بالا - قازا خۇددى رودىپايدەك ئۇنىڭغا سوگدىشىپلا يۈرەتتى. ئۇ قاچاتتى، يوشۇرۇناتتى ۋە يەنە قاچاتتى. ئاخىرى كېلىپ مانا شۇ پىنھان تاغ ئىچىدە، كىلياڭ بىلەن ئىسمىسلانىڭ ئارىلىقىدا، كوھىتام دەرياسىنىڭ ھاۋالىق بويىدا ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئالىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەردىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ يەكەنگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان مۇشۇ سەككىز - توققۇز يىلدىن بېرى ئالىمنىڭ چوڭقۇر پىكىرلەردىن رەڭلەنگەن گۈزەل ئەشئارلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئىلمىي ماھارىتى، قابىلىيىتى، ئالىيجاناب ئەخلاقى توغرىسىدا كۆپ پاراڭلارنى ئاڭلىغانىدى. يەكەن، قاغىلىق تەرەپلەردە دېھلى، كابۇل، ئىسپاھانلاردىكى كاتتا دارىلفۇنۇملاردا ئوقۇپ كەلگەن ھۈسەيىنخان ھەزرىتىم توغرىسىدىكى گۈزەل تەرىپلەر شۇنچىلىك كۆپ ۋە كەڭ تارقالغان ئىدىكى، ئاڭلىغان ئادەملەرگە خۇددى پاك پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى سىرلىق رىۋايەتلەردەك تۇيۇلاتتى. ئاشۇ رىۋايەتلەردە ئۇ، تىلشۇناسلىقنىڭ پىرى، ئەشئارچىلىقنىڭ تەڭداشسىز ئۇستىسى، تارىخنىڭ تىرىك شاھىدى، ئىلمىي مەنتىقە، ئىلمىي نۇجۇم ۋە كىمياگەرلىك - تىبابەتلىرىنىڭ يېگانىغۇچىسى بولۇپ تەرىپلىنەتتى. كىملەرنىڭدۇر شىپا تاپمىغان كېسەللى ھۈسەيىنخان ھەزرىتىم ئىجاد قىلغان تەرياق، ھەببى زوفا، ھەببى جەۋھىرى، ئازاراقى دېگەن دورا نۇسخىلىرىنىڭ قايسى بىرىدىن بىر قېتىم ئىستېمال قىلىش بىلەنلا ساقىيىپ كەتكەن بولاتتى. يەنە كىملەرنىڭدۇر دورا نۇش ئەتمەي تۇرۇپلا ھەزرىتىمنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرى تەسىرىدىنلا ساقىيىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىناتتى. ئۆزىگە تېۋىپلىقنى كەسىپ ئەتكەن زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم بۇ گەپلەردىن ھەيران بولاتتى. داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئاشۇ دورا نۇسخىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ يەردىكى ئاجايىپ ئىستېداتقا قايىل بولاتتى. ئاشۇ ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرگە ئىشەنگۈسى كېلى-

ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاشۇ رىۋايەت ۋە تۇيغۇلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر ئىنسان سىماسىنى گەۋدىلەندۈرەتتى. بولۇپمۇ ئۇ ئۆز قەلبىدە نۇرلۇق سىما بولۇپ گەۋدىلەنگەن ئاشۇ زاتنىڭ «بەرقى تەجەللىي»، «سەبىقى مۇجەللىي» ماۋزۇلۇق قوليازما دىۋانلىرىنى ئوقۇغىنىدا، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يۈرگەن «تەجەللىي—مۇجەللىي» تەخەللۇسىدىكى ئەشئارلىرىنى قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلغىنىدا تۈركىي، پارس، ئەرەب تىللىرىدا توقۇلغان ئاشۇ گۈزەل ئەشئارلار خۇددى تەخەللۇستا جاكارلانغاندەك، ئۇنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىدا نۇرلاندۇرۇۋېتەتتى، ئەشئار مۇسابىقە مەيدانىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش سۇپىسىدا جىلۋىلەندۈرەتتى. نۇر بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئەشئار قوشۇلۇپ پەرىشتە ھاسىل قىلاتتى... زاكىرجان مەخسۇمھاجىمنىڭ ئاشۇ پەرىشتە بىلەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئارىسىدا مۇلاقەت بولغۇسى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقالغان ئاپتاپتا ئىسسىنغۇسى كېلەتتى. كۆپ ھاللاردا ئاشۇ ۋىسال خىياللىرىغا مۇپتىلا بولاتتى. ئۇنىڭ خۇددى يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدىكى پەرىشتىلەردەك نەلەرگىدۇر پىنھانلانغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ دىدار دەملىرىنىڭ بىۋاقىت ئىككەنلىكىدىن زارلىناتتى. زامان كۈلپەتلىرىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىم بېشىغىمۇ كۆلەڭگۇ تاشلىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى... زاكىرجان مەخسۇمھاجىم ھۆسەيىنخان ھەزرەتلىرىنىڭ نائىبى ۋىلايەت جامائەدار دادىخاھىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشكەنلىكى تۈپەيلى كېيىنكى كۈنلەردە مانجۇ مەمۇرلىرىنىڭ تەقىپ - توتقۇن قىلىشقا ئۇچرىغانلىقىنى، بۇ تەقىپكە كۆپرەك خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ تۆھمەت—بەدناملىرى سەۋەب بولغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن توتقۇن - ھەپسە زۇلمىدىن قېچىپ يۇرتمۇ يۇرت يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ئۇ مانجۇ مەمۇرلىرى كېيىنكى كۈنلەردە يۈرگۈزگەن ياۋۇزانە تەقىپ - توتقۇنلار توغرىسىدا قوقاندا، تاشكەنتتە، ئىستامبۇلدا، دېھلىدا، كەشمىردىكى چاغلىرىدا خەۋەردار بولغان. كەشمىردە، كەشمىردىن يەكەنگە كېلىش سەپىرىدىكى تاغ يوللىدا تەقىپ - توتقۇندىن قېچىپ يۈرگەن مۇساپىرلارنى ئۇچراتقانىدى. بىچارىلەر ئاچ - يېلىڭ ھالدا يات ئەللەردە، سوغۇق تاغ قاپتاللىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشەتتى. مانا شۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ كەشمىردە تونۇشقان شائىر دوستى موللا سەئىدۇللا ئىدى. زاكىرجان مەخسۇمھاجىم كەشمىردىكى چاغدىلا ئۆزىدىن يىگىرمە ياشلارچە چوڭ بولغان بۇ مۇساپىر دېھقان شائىرنى ئۆز قانات ئاستىغا ئالدى ۋە بىللە يەكەنگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ مانا تاھازىرغىچە ئۆز يېنىدا بىللە يۈرۈپتۇ. ئەمدى مانا شۇ ئاددىي خەلقنىڭ بېشىغا، موللا سەئىدۇللانىڭ بېشىغا كەلگەن سەرسانلىق كۈلپىتىنىڭ نادىر ئالىم ھۆسەيىنخان ھەزرىتىم بېشىغىمۇ چوقماق ئۇرۇشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ ھەي خۇراپىي بىدئەتچىلەر، - دەپ ئويلايتتى زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم، - دۇنيادا سىلەر يوق يەرلەرمۇ بارمۇ؟ سىلەر پىتنە - پاسات ئۇرۇقلىرىنى چاچمىغان قەيەر قالدى؟! ئالەم سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلاردىن خاراب بولمىدىغان ئوخشايدۇ، بىچارە ئالىم سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلغانىدى؟ ئۇ سىلەرگە زادى نېمە قىلغانىدى؟...

زاكىرجان مەخسۇمھاجىمنىڭ قەلبى زامانى

دۈشمىنىڭ بېشىغا چۈشكەن قارا كۈنلەردىن
ئازابلىناتتى. ئاشۇ ئالەمنى قاپقاندىن
قېچىپ يۈرگەن يولۋاس، قىلتاق-تۇتقۇن-
دىن چۆچىگەن بۈركۈت، قىسمەت زەنجىر-
لىرى بويىنىدىن باغلاپ يۇرتمۇ يۇرت،
تاغمۇ تاغ سۆرەپ يۈرگەن بىچارە ئاھۇ
سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغىنىداكۆزلىرىدىن
ھېسداشلىق ياشلىرى مۆلدۈرلەپ تۆكۈلەت-
تى. نامەلۇم بىر غايىۋانە زالىمغا خىتاب
قىلىپ «قويۇۋەت، قويۇۋەت، قويۇۋەت!»
دەپ ۋارقىرىغۇسى، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن
زۇلۇم زەنجىرلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغۇسى،
ئالەم ۋە ئالەمغا ئەركىنلىك - ھۆرمەت
بەخش ئەتكۈسى كېلەتتى. ھەممىدىنمۇ
بەكرەك ئالىم بىلەن بىر دەقىقە بولسىمۇ
دىدارلىشىشنى، ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن
بەھىر ئېلىشنى، شېرىن-سۇخەن سۆھبەت-
لىرىگە داخىل بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. يۈ-
رىكى ۋىسال ئارزۇسىدا يالقۇنلايتتى ...
مانا ھازىر ئىسمىلا بىلەن كىياك
ئوتتۇرىسىدىكى كوھتام دەرياسى بويىغا
قاراپ كېتىۋاتقان تاغ يولىدا، ئۆز يېنى-
دا شاش ئاق ئارغىماقنى قاڭتايتۇرۇپ
كېتىۋاتقان ياش ئىسمايىل داموللامغا تۇ-
رۇپ - تۇرۇپ مەمنۇنلۇق - رازىمەنلىك
بىلەن قاراپ قوياتتى. ئىسمايىل دامول-
لامنىڭ ئالەمنى ئۆزىنىڭ ئىسەسلادىكى
گۈزەل باغلىرىدا، مانجۇ مەمۇرلىرىنىڭ
كۆز ۋە قۇلاقلىرىدىن يىراقتا، كوھتام دەر-
ياسى بويىدىكى پەزىسۇلىرىدا يوشۇرۇپ
ساقلاۋاتقانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيت-
قۇسى كېلەتتى. ئۆزى دەسلەپتە نېمە ئۈ-
چۈندۇر بېزارلىق ھېس قىلغان ئىسمايىل
داموللىدىن كەچۈرۈم سورىغۇسى كېلەتتى.
لېكىن زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئېسىيا-
دى پەنىلا يېقىنلاپ قالغان ۋىسال دەمى-
رىدە ئىدى. ھېلىدىن - ھېلى تۈلكە يور-
غىسىدىن بۆرە يورغىسىغا ئۆتۈپ كېتىۋات-
قان ئاق ئېتىنى سەۋرىسىزلىك بىلەن دې-
ۋىتىپ قوياتتى. ئىسمايىل داموللامنىڭ
ئۆز بېغىغا ياساتقان ئېگىز ۋە ھەشەمەت-
لىك راۋاق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كېچە-كۈن-
دۈز ئىجتىھات بىلەن يازغان شېئىرلىرى-
نىڭ بىرەر قېتىممۇ ھوسەيىنخان ھەزرى-
تىمنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولالمىغانلىقى
توغرىسىدىكى ھېلىقى ھېكايىنى يادىغا ئې-
لىپ ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. ئا-
شۇ ھېكايىنى ئاخشام ئىسمايىل داموللام-
نىڭ ئۆزى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ھېكايى-
نىڭ تامامىدا زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم: «كا-
مالەت چوققىسىدىن تېخى يىراق ئوخشايلا
تىمەقسىرىم، بولمىسا ھەزرىتىم ئۇنچىۋىلا
پىخسىق ئادەممۇ ئەمەستۇ...» دېگەنىدى.
ئىسمايىل دا موللاممۇ نۆۋىتىدە خۇش پېئىل-
لىق بىلەن «... «شۇنداق ئوخشايدۇ، پەقىر
ھەزرىتىمنىڭ بىر قېتىم بولسىمۇ كىچىككىنە
ماختاپ قويۇشىغا چۆلدەك تەشنا ئىدىم، لېكىن
ھازىرغىچە ئۇنداق نەسىۋە ماڭا بەخشەندە
بولمىدى. ئەگەر ئاشۇ دەملەرگەمۇ يەسسەر بو-
لالىسام، ھەزرىتىمنىڭ ئالدىغا پەتنۇس-پەت-
نۇس تىللالارنى تۆكمە قىلغان بولاتتىم...»
دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا ھازىر زاكىرجان
مەخسۇم ھاجىم شېئىرىيەت دالاسىدا ئېپچەك-
لەپ، كامىللىق مەنزىلىگە ئۆمىلەپ كېتىۋات-
قان ئىسمايىل داموللامغا ئىستىھزا ئارىلاش
كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىدا «ئالىم دېگەن ئا-
شۇنداق بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ھوسەيىنخان
ھەزرىتىم توغرىسىدا. لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن
پىكىر - خىيالى بولغۇسى دىدار دەملىرى-
نىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىگە قادىلىپ قال-
غانىدى. قانات چىقىرىپ ئۇچقۇسى، كوھ-
تام دەريا ۋادىسىغا تېزرەك يېتىۋالغۇسى

كېلەتتى. ئۆزەڭگۈسى بىلەن توختىماي دىۋىتىۋاتقان ئاق ئاتقا خىتاب قىلاتتى: ئاھ، ئاق ئات، قانات چىقىرىپ ئۇچ، جەنۇبقا كۆچكەن ئاققۇدەك قوشتاغنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىل، تېزرەك-تېزرەك ئاشۇ كوھتام دەريا بويىغا يېتىۋالايلى ...

× ×

ئاق كىيىملىك ئاق ئاتلىقلار توپى قوشتاغدىكى تاغ ئىچى كارۋان يولىنىڭ بويىغا كېلىپ توختاپ قالدى. ئاتلار ئىغىزدۇرۇقلىرىنى چىشلىشىپ، ئىزىدا تېپچەكلەپ نېمىدىندۇر ئۈركىگەندەك پۇشقۇراشتى، لېكىن توختىماي ئامال يوق ئىدى. ئۇلارنى يولدىن ئارقاندەك سوزۇلۇپ ئۆتۈۋاتقان قوتاز كارۋىنى توسۇپ قويغانىدى. ئۈركىگەك قوتازلارغا تاي - تاي يۈك - تېرە، باغلام - باغلام كىگىز - تىكمەتلەر ئارتىلغان، ئۇلار ئېغىر پۇشۇلدىشىپ ھورۇنلۇق بىلەن مېڭىشاتتى. لېكىن كىچىككىنە يات تىۋىشتىن ئۈركۈپ، كۆزلىرىنى دەھشەت بىلەن ئالايتىپ ھەر تەرەپكە يۇلقۇنۇشاتتى ۋە ئارقىدىنلا بۇرۇنلىرىدىن تېشىپ ئۆتكۈزۈپ ئالدىنقى قوتازنىڭ چۇمىغا چېتىپقويغان دەھشەتلىك چۇلۇكنىڭ زورىدىن شۇ زامان ياۋاشلىشىپ قالاتتى. يۈك - تېرە، كىگىز - تىكمەتلەردىن كېيىن ئېغىر يۈك تاغارلار، تېرە مەشكاپلار، مەزمۇت ياغاچ ساندۇقلار ئارتىلغان قوتازلار ئۆتتى. بۇلارغا مەشھۇر خوتەن قاشتېشى، قارا قورۇم ئالتۇنى، ئارقار ۋە بۇغا مۈڭگۈزى، ئىپار ئاھۇسىنىڭ كىندىكى، ئۇلارنىڭ پوكىنى قاتارلىق بىباھا نەرسىلەر ۋە ئېسىل دورا - دەرمەكلەرنىڭ قاچىلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى. توققۇز - ئون نەپەر قوتازھەيدىگۈچى ئاتلىرىدىن چۈشمەي، يولنىڭ ياقىسي بىلەن، كارۋاننىڭ باش - ئايىغىغا تەكشى تارقىلىپ قوتازلار يۈرۈشىدە كارۋاننى قورۇقلاپ كېلەتتى... ئاق ئاتلىقلار كارۋانغا ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇشتى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم قارا قورۇم تاغ ئارىلىرىدىن چىققان بۇ كارۋاننىڭ مۇشۇ يول ئارقىلىق يەكەن ۋە قەشقەرلەرگە ماڭغانلىقىنى تەخمىن قىلدى، بۇ يول ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. چېگرىدىكى سۆگەت قورۇلدىن ۋە ئۆتەڭدىنمۇ يىراق يەرلەردىن باشلىنىدىغان بۇ تاغ ئىچى كارۋان يولىنىڭ سانجۇدا بۆلۈنۈپ، سولغاز، قوشتاغ، ئىسمىسلا - باش لەڭگەر - ئۆيتوغراق - بورا ئارقىلىق قاغىلىققا چۈشۈپ، ئاندىن كېيىن يەكەنگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۆزىمۇ سەككىز - توققۇز يىل ئىلگىرى موللا سەئىدۇللانى ئەگەشتۈرۈپ، مۇشۇ يولدىن ئۆتكەنىدى، قوتاز كارۋىنىغا قاراپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە ئاشۇ يول ئۈستىدىكى دەڭ - ئۆتەڭلەر، ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي تاغ - داۋانلار، ئالتۇن ئېزىتقۇ جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان ساي - مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. تالاي جاپا - مۇشەققەتلەر، سۈرۋەھىملەر ئېڭىدا زاھىر بولدى. «ئىنسان ئۆز ئۆمرىدە بېسىپ ئۆتىدىغان ھايات يولىنىڭ سەۋۇلى شۇ ئەمەسمىكىنە؟ ئۇنىڭ باش ۋە ئايىغى قەيەردىدۇر؟» دېگەن مۇڭلۇق بىر پىكىر قەلبىنى كېزىپ ئۆتتى...

كارۋاننىڭ قۇيرۇقىدا ياغاچ قەپەز - سۆلاقىلار ئارتىلغان قېرى قوتازلار ياۋاشلىق بىلەن مېڭىپ كېلەتتى. ھەر بىر قوتازنىڭ ئۈستىدە ئىككىدىن سۆلاقا، ھەر بىر سۆلاقىدا ئۈچ - تۆتتىن، ھەتتا يەتتە - سەككىزدىن كەكلىك، ئۇلا، قارچۇغا، بۈركۈتلەر ئايرىم - ئايرىم سولاپ قويۇل-

غا نىدى. بىر سۇلاقمىدىكى قۇرقۇنچلۇق
مولۇن ئاق ئاتلىقلارنى جەلپ قىلدى. لې-
كىن بۇلار تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئا-
خىرىدىكى قوتازغا ئارتىلغان ئىككى سۇ-
لاقمىغا ئىككى تىرىك ئاھۇ سولانغانىدى.
ھەممىنىڭ دىققىتى تېزلا ئاھۇلارغا بۇ-
رالدى. ئاھۇلار چىڭ تاسما - ئارغامچىلار
بىلەن بويۇن - كۆكرەكلىرىدىن چەمبەر-
چەس باغلىنىپ، سۇلاقمىنىڭ يان ياغاچلى-
رىغا تارتىپ قويۇلغانىدى. شۇ ھالەتتە
ئۇلار يا ياتالمايتتى، يا مىدىرلاپ يۇل-
قۇنالمايتتى. ئاھۇلارنىڭ ئالدىغا سۇلاق-
ما ئىچىگە تاشلاپ بېرىلگەن تاغ ئوت-
چۆپلىرى سولىشىپ كەتكەنىدى. يېڭىلىن-
ئەمچەكلىرىنىڭ ئېسىلىپ - چىڭقىلىپ كەت-
كەنلىرىگە قاراپ، بىچارىلەرنىڭ تېخى
يېقىندىلا ئوغلاقلىرىدىن جۇدابولغانلىقى-
نى تەخمىن قىلىشقا بولاتتى. ئاھۇلارنىڭ
ھالى مۇڭلۇق ۋە ئېچىنىشلىق ئىدى. غۇۋا
چاقناپ تۇرغان ياقۇت كۆزلىرى ئەلەم بى-
لەن چۆچۈپ، ھەسرەت بىلەن مۆلدۈرلەيت-
تى. تۇرۇپ - تۇرۇپ يىراق تاغلارغا،ساي-
لارغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن رەھىم، ئىل-
تىجا، كەچۈرلىك تىلەش مەنالىرى چىقى-
قىپ تۇراتتى... ئاق ئاتلىقلارنىڭ قەلبى
بىردىن ئېغىر دەرد - ئەلەم ئىسكەنجى-
سىگە چۈشۈپ قالغانىدەك بولدى. يۈرەكلەر
سېقىراپ، كۆزلەر ياشقا تولدى. ئىنسانىي
ياۋۇزلۇقنىڭ قەبىھ زۇلمى ئۇلارنىڭ تىل-
لىرىنى لال قىلىپ قويغانىدى. زاكىرجان
مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئاستىدىكى ئاق ئات
تىزگىنىنى سىرىپ تېپچەكلەيتتى. ئۇنىڭ
چوڭ ۋە قارا كۆزلىرى ئاھۇلارغا تىكىلىپ
قالغان، خىيالىدا قەپەز - سۇلاقمىدىكى
ئاھۇ، بوينى، پۇت - قوللىرى باغلىنىپ سۆ-
رەپ كېتىلىۋاتقان ئاھۇ، كۆكسىگە ئەجەل
ئوقى تېگىپ قان ئىچىدە تىپىرلاۋاتقان ئا-
ھۇ، ياقۇت كۆزلىرىدىن ھىجران يېشى مۆل-
دۈرلەپ تۆكۈلۈۋاتقان ئاھۇ، قاپقانغا دەس-
سەپ جان تالىشىۋاتقان ئاھۇ، ئاچچىق مە-
رەپ پەرياد ئۇرۇۋاتقان ئاھۇلار ئارىلى-
شىپ كەتتى. ئاشۇ ئاھۇلارنىڭ ئىچىدە بوي-
نىنى قىسىپ كوھتام دەرياسىنىڭ دولقۇن-
لىرىغا مۇڭلىنىپ قاراپ تۇرغان سەرگەر-
دان ئالىمنىڭ، تالاي ھەپسە - زىندانلار-
دا جان تالىشىۋاتقان بىچارىلەرنىڭ، يات
ئەل ۋە سوغۇق تاغ ئارىلىرىدا يوشۇرۇ-
نۇپ يۈرگەن قاچقۇنلارنىڭ سىيا قىلىرىمۇ
بار ئىدى... زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ
يۈرىكى ئاستىدىكى ئاق ئاتتەكلا تېپچەك-
لەيتتى، ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەيتتى،
قەلبىنىڭ تىرەن قېتىدىن ئاللىقانداق بىر
نىدا ماگمىغا ئوخشاش ئېتىلىپ چىقاي-
ئېتىلىپ چىقاي دەپ قالغانىدى. ئۇ ئۆ-
زىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن يۈرى-
كى ئاچچىق بىر نىدا بىلەن: «ئەي زالىم،
ئاللانىڭ بەندىلىرىگە، ئاللانىڭ مەخلۇق-
لىرىغا رەھىم قىل!...» دەپ خىتاب قىلدى.
بۇ ئۇنىڭ يۈرىكى ئېيتقان سۆز ئىدى. لې-
كىن ئۇ ئاۋازغا ئايلىنىپ سىرتقا چىقىپ
كەتتى. بوغۇق بىر پەرياد بولۇپ ھەممى-
گە ئاڭلاندى. ئۇنىڭ پەريادىدىن نېمى-
نىدۇر چۈشەنگەن ئىسمايىل داموللام شۇ
زامات زەردەستىلىك قامچىسىنى كارۋان-
نىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورۇقچىسىغا تەڭلىدى:

— قويۇۋەت، ئەي زالىم، بىچارە ئا-
ھۇلارنى قويۇۋەت!

قورۇقچى مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

— قويۇۋەتدەۋاتىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟...
قايسىڭ كارۋان بېشى؟

— كارۋان بېشى مانا مەن داموللام،
نېمە گەپلىرى بولسا ماڭا دېسىلە، — ئاۋاز

ئاق ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن يۇمشاق
جارائلىدى، ھەممە بۇرۇلۇپ شۇ ياققا قا-
راشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلى دا-
ۋاندا سالاملاشقان، چىرايىنىڭ كۆزىدىن
باشقا قىسمىنى قارا ياغلىق بىلەن نىقاب-
لىۋالغان يوچۇن ئادەم ئوتقاشتەك قىزىل
ئاتنىڭ ئۈستىدە نامايان بولدى.

— كارۋان بېشى سەنمۇ؟ — ئىسمايىل
داموللام ئاق ئارغىماقنىڭ بېشىنى بۇراپ
ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، — زاكىرجان مەخسۇم
ھاجىم ئاھۇلارنى قويۇۋەت دەۋاتىدۇ، ئۇق-
تۇڭمۇ؟

يوچۇن ئادەمنىڭ ئوچۇق كۆزلىرى پار-
قىراپ كەتتى.

— ھاجىمنىڭ نىيەتلىرىنى خاتا چۈشە-
نىپ قاپتىلا تەقسىرىم، ھاجىم ئاشۇ ئاھۇ-
لارنىلا دەۋاتقىنى يوق...

ئەمدى مەگدەش نۆۋىتى ئىسمايىل دا-
موللامغا كەلگەنىدى. ئۇ ئاغزىنى ئاچقىنى-
چە يوچۇن ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.
ئۇنىڭ مېڭىسىدىن: «ھوي، مۇنۇ ئادەم
نېمە دەۋاتىدۇ؟ ئۆزى كىم زادى؟» دېگەن
سوئال چاقماق تېزلىكىدە كېزىپ ئۆتتى.
مانا شۇ چاغدا يوچۇن ئادەم يۈزىدىكى نى-
قابنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ تاغلىقلار-
غا خاس قارىماتاق چىرايى ئېنىق كۆرۈن-
دى. ئىسمايىل داموللامنىڭ ئاۋازى ھايا-
جان بىلەن جارائلاپ كەتتى:

— ۋاي تاغ باتۇرى، ئۆزلىرىكەنلىغۇ،
تىنىچ تۇردىلىمۇ؟

ئىسمايىل داموللاممۇ، يوچۇن ئادەممۇ
ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈشتى. ھۆرمەت
بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈشتى. يوچۇن
ئادەم ئىگەر ئۈستىگە قول ئۇزىتىپ ھەربىر
مېھمان بىلەن بىر- بىرلەپ كۆرۈشۈۋات-
قاندا، ئىسمايىل داموللام مەشھۇر تاغ با-
تۇرى ئەخمەت قۇدايىنى، ئۇنىڭ ئالتۇن-
چىلار ۋە باشقا قاچقۇنلارغا باشچىلىق قى-
لىپ مانجۇ ئىستىبدادىغا قارشى ئېلىپ بار-
غان كۆرەشلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۈلگۈر-
دى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىچىدە «زېرەك تاغ
باتۇرى»، «خېزىر»، «تاغ موللىسى» دې-
گەندەك ماختاش سۆزلىرى كۆپ ئىدى. ئەخ-
مەت قۇداي ئۆزى ھەققىدىكى ئاشۇ ماخ-
تاشلارغا كۈلۈپلا قويدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۈل-
كىسىدە ئۆز ھالىغا نىسبەتەن روشەن بىر
مەسخىرە بىلىنىپ تۇراتتى. ئاچچىق ئە-
لەممۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خېلىدىن
بېرى تەقدىرگە تەن بېرىپ مەنچىڭگە قار-
شى كۆرەشنى توختىتالىغىنى، ھازىرىيە-
كەن دوتىيى شىندارىنىغا پارا بېرىپ سو-
دا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، ئاشۇ
ئاھۇلارنىمۇ شىن دارىنىنىڭ ساقايماس كې-
سىلىگە بۇيرۇلغان ئاھۇ سۈتى ۋەجىدىنلا
ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىسمايىل داموللام
بىلمەيتتى...

بۇ چاغدا قوتاز كارۋىنى ئۇزاپ كەتكە-
نىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئەخمەت قۇداي
بىلەن بولغان تاساددىپىي ئۇچرىشىش ئاق
ئاتلىقلارنىڭ ئېسىدىن ھېلىقى ئاھۇلارنىڭ
پاجىئەسىنى كۆتۈرۈۋېتەلمىدى. زاكىرجان
مەخسۇم ھاجىمنىڭ، موللا سەئدۇللانىڭ،
ئابدۇللا مۇفتى ھاجىمنىڭ، ئىسمايىل دا-
موللامنىڭ ۋە باشقا ئاق ئاتلىقلارنىڭ ۋۇ-
جۇدى ئازابلىق بىر ھاياجاندىن تىپچەپ
شامال سوققان لالىدەك تىترەپ تۇراتتى.
ئاشۇ ھاياجان ئۇلارنى نېمىدۇر بىر نەرسە
قىلىشقا، نېمىدۇر بىر نەرسە دېيىشكە تىنىم-
سىز ئۈندەيتتى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم
تۇيۇقسىز ئېتىنى دېۋىتىپ، كارۋان يولى-
نى كېسىپ ئۆتتى-دە، جەنۇبقا — تاغلارغا
سوزۇلغان يولنى بويلاپ چېپىپ كەتتى.

ئاق ئاتلارنىڭ ھەممىسى ئەگەشتى، قىزىل تورۇقمۇ ئەگىشىپ چاپتى. ئەخمەت قۇداي ئۆز كارۋىنىنىڭ ئارقىسىدىن كېچە يېتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىسمايىل داموللامنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانىدى.

× ×

ئاتلار قوشتاغنىڭ چاچقۇن مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ ئۇزاق چاپتى. ئاتلاردىمۇ، ئادەملەردىمۇ ھاياجان بار ئىدى. قىزغىن ئازابلىق، مۇڭلۇق بىر تۇيغۇنىڭ ئىلكىدە يۈرەكلەر نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك قىلاتتى، نېمىگىدۇر تەلپۈنەتتى. قەلبلەرنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر تاش باردەك، ئاشۇ تاشنى ئىرغىتىپ چۈشۈرۈۋېتىشنى كۆزلىگەندەك توختىماي چېپىشاتتى. ئاتلار قوشتاغنى ئارقىدا تاشلاپ، ياپپېشىل بىر پارچە تۈزلەڭ يايلاققا يېتىپ كەلگەندە توختىدى. ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى. تاغ گۈللىرىنىڭ خۇش ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى. جەنۇبتا، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارلىق چوققىلار بارغانسېرى ئاسماننىڭ قەرىگە سانجىلىپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆك ئاسماندا غايەت زور بىر بۈركۈت قاناتلىرىنى مىدىرلاتماستىن پەرۋاز قىلاتتى... ئاشۇ مەنزىرىلەرگە قاراپ تۇرۇپ، زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ خىيال كۆزلىرىدە، ئاشۇ دالانىڭ ئۇ چېتىدە بوينىنى قىسىپ كوھتام دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىغا قاراپ تۇرغان مۇڭلۇق ئالىم، قەپەزگە سولانغان ناتىۋان كېيىك، يات ئەل ۋە تاغ ئارىلىرىدا قېچىپ يۈرگەن قاچقۇنلار يەنە ئارىلىشىپ كەتتى. ھېلىدىن - ھېلى كېيىكنىڭ ئورنىنى ئالىم، ئالىمنىڭ ئورنىنى كېيىك ئىگىلەيتتى. ئارقىدىنلا تەقدىرنىڭ قوپال زەنجىرى ئالىمنى قاچقۇنلار ئارىسىدا سۆرەپ يۈرگەن بولاتتى... شائىر زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن كۆتۈرۈلگەن ساداغا قۇلاق سالدى. خۇدانىڭ جاراڭلىق، ئۇلۇغۋار ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. «قويۇۋەت، قويۇۋەت، قويۇۋەت!» دېگەن بىر خىتاب ئاسماندىنمۇ، زېمىن تەكتىدىنمۇ، قەلبىنىڭ قەرىدىنمۇ ئاڭلىناتتى. شائىر ئات ئۈستىدە قەددىنى رۇسلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يايلاق ئۈستىدە تۇيۇقسىز جاراڭلاپ كەتتى:

سەيدىڭ قۇيابەر سەييياد، سەييارە ئىكەن مەندەك،
ئالدامنى بويىندىن بىچارە ئىكەن مەندەك،
ئۆز يارىنى تاپماستىن ئاۋارە ئىكەن مەندەك،
ئىقبالى نىگۇن، بەختى ھەم قارا ئىكەن مەندەك،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى - باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك.

تاغ - جىرالار، يايلاق دالالار ئەكس سادا قايتۇردى. شائىر تەۋەللۇت ئالدىدىكى ئانىدەك بوغۇلۇپ ھاسىرايتتى. ئۇ نەپەس ئالماي داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

— كى رىشتەنىكىم قىلسۇن چەپپەكلەر ئاتىپ جەستە،
ھەجرىدە ئەلەم تارتىپ بولدى جىگەرى خەستە،
تاغلارغا چىقىپ بولسۇن يارى بىلەن پەيۋەستە،
كەل قويما بالا دامى بىرلە ئۇنى پابەستە،

ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىككەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ باغرى سەد پارە ئىككەن مەندەك.

دەريا ـ ئېقىنلار، جاڭگال ـ ئورمانلار ئەكس سادا قايتۇردى. شائىر موللاسەئىدۇللا، ئابدۇللا مۇفتى ھاجىم، ئىسمايىل داموللام ۋە باشقىلار بىرىنچى كۇبلېتنى ئاڭلىغاندىلا ئەندىلىپنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدىكى ئاشۇ مەشھۇر مۇخەممەسكە مۇشائىرە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكەنىدى. موللا سەئىدۇللا ئۈچىنچى كۇبلېتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

— بەش كۈن سېنىڭ دەۋرىڭدە بىچارە خىرام ئەتسۇن،
ئاھۇلار ئارا ئويناپ ئەيشىنى مۇدام ئەتسۇن.
يامغۇر سۈيى تولغاندا تاغ لالەنى جام ئەتسۇن،
ھەققىڭگە دۇئا ئەيلەپ ئۆمرىنى تامام ئەتسۇن.

ئاخىرقى تەكرارلىمىغا ھەممەيلەن تەڭ قوشۇلۇپ كەتتى:

— ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىككەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ باغرى سەدپارە ئىككەن مەندەك.

يەنە ئۇزاق ئۈپۈقلار، ئېگىز ئاسمان، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ئەكس سادا قايتۇردى. ئىسمايىل داموللام ئىمتىھاندۇر چۈشىنىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى، ئۇنىڭغىچە يەنە زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم داۋاملاشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى:

— سەرگەشتە بۇ ۋادىدە بىر باشىغە رەھىم ئەتكىل،
يوق تاقەتى بەندەڭدە بورداشىغە رەھىم ئەتكىل.
يىغلاپ ساڭا تىرمۇلۇر كۆز ياشىغە رەھىم ئەتكىل،
رەھىم ئەتمىسەڭ ئۆزگە يولداشىغە رەھىم ئەتكىل.

تەكرارلىمىغا يەنە ھەممەيلەن قوشۇلدى:

— ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىككەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ باغرى سەدپارە ئىككەن مەندەك.

تاغ ئىچىدىكى كۈمۈش بۇلاقلار، ئۇنچە ـ مارجان چاچىدىغان شارقىراتمىلار ئەكس سادا قايتۇردى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم ئابدۇللا مۇفتى ھاجىمغا قاراپ بېشىنى ئەگدى. ئابدۇللا مۇفتى ھاجىممۇ ئاجايىپ ھازىر جاۋابلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

تاغدا ئاچىلىپ لالە بەر سەبزە باھار بولسا،
ئەخىر بۇ ئىچۇك دىدات ئالەم ئاڭا تار بولسا،
چىقماي دېسە جايىدىن ئۆزلەتتە فىگار بولسا،
گەر چىقسا بەناگاھى دامىڭغە دۇچار بولسا،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارە ئىككەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ باغرى سەدپارە ئىككەن مەندەك.

كۆپىنىڭ ئاۋازى گۈرۈلدەپ تاغ بورىـ
نىنىڭ ئەكس ساداسىنى ھەلۇم قىلدى.
ئەمدى نۆۋەت ئىسمائىل داموللامغا كەلـ
گەندى. ئۇنىڭ شاش ئېيتى ئۆز ئېزىدا
چۆركىلەپ تېپچەكلە يتتى.

بىچارىنى زۇلۇم ئەيلەپ قول ، بويىنىنى باغلاپسەن،
ھەر سارى چېكىپ ـ سۆدىرەپ ئۆلتۈرگىلى چاغلاپسەن.
دۆكسىنى جاپا بىرلە لالە كەبى داغلاپسەن،
سات ماڭا ئەگەر قەستىڭ ئالـغۇچى سۇراغلاپسەن.
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارەئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ باغرى سەد پارە ئىكەن مەندەك.

يەرنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ھاكىملار
قايناپ، ۋولقانلار ئەكس سادا قايتۇردى.
كۆپچىلىك شېئىرنىڭ ئاخىرلىشىشىغا يېـ
قىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بېشىنى زاـ
كىرجان مەخسۇم ھاجىم تەرەپكە بۇراشتى.
ئاشۇ ھالەتتە: «ئەشئارنى باشلىغان ئۆزـ
لىرى، ئاخىرىنى يەنە ئۆزلىرى چۈشۈرـ
سىلە» دېگەن مەنا جىلۋە قىلاتتى. زاكىرـ
جان مەخسۇم ھاجىم سەل ئويلىنىپ، ئوڭ
قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ شائىر موللا سەئـ
دۇللاغا بېشىنى ئەگدى. ھەممەيلەن بىر
قانچە كۈنلۈك مېھماندارچىلىق داۋامىدا
شائىر موللا سەئدۇللانىڭ دائىم تۆردە
ئولتۇرۇپ، ئاخىرقى دۇئانىمۇ ئۆزى چۈـ
شۈرۈپ كەلگەنلىكىنى يادىغا ئېلىشتى.
مۇشۇ بىر توپ ئۆلىمالار ئارىسىدا ئۇنىڭ
يېشى ھەممىدىن چوڭ بولۇپ، دۇئا چۈـ
شۈرۈشكە ھەقلىق ئىدى. ئۇنىڭ سەل بوـ
غۇق، لېكىن تەسىرلىك ئاۋازى جاراڭلىدى:

يوق ھوشى پەرى تىككەن دىۋانىگە ئوخشايدۇ،
كۆز ياشى يەنە تولغان پەيمانىگە ئوخشايدۇ،
غەم سىلى بىلەن كۆڭلى ۋەيرانىگە ئوخشايدۇ،
فۇرقەتتە بۇسەئدۇللا ھەيرانىگە ئوخشايدۇ.
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارەئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ باغرى سەد پارە ئىكەن مەندەك.

ناتىۋان قەلبلەر، ئېزىلگەن يۈرەكـ
لەر، ئاچچىق ياشلاردىن نەملەنگەن كۆزـ
لەر ئەكس سادا قايتۇردى. كۆپچىلىك
موللا سەئدۇللانىڭ ئاخىرقى مىسراغا زاـ
كىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ تەخەللۇسىمۇ،
ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ قوشۇپ ئۆتكەن چىـ
ۋەرلىكىگە تەڭ بارىكاللا قىچقىرىشتى.
لېكىن ئاشۇ قىچقىرىقتا شادلىقتىن كۆرە
مۇڭلۇق ھاياجان، تۈگىمەس دەرد ـ ئەـ
لەملەرنىڭ قالدۇق نالىسى، كەلگۈسىگە
بولغان ئۈمىد ۋە ئەندىشىلەرنىڭ پەرياـ
دى جاراڭلاپ قالدى. ئەلەم ـ كۈلپەت،
ھەسرەت ـ نادامەت پىغانلىرى
يەنىمۇ بەكرەك قويۇقلىشىپ كەتكەندەك
بولدى. لېكىن مۇشۇ سورۇندىكى، مۇشۇ
گۈزەل يايلاقتا تىزگىن تارتقان ھەممە
كىشى ئاشۇ قۇتلۇق مىنۇتتا جاھانغا ئاـ
جايىپ گۈزەل ۋە ئۆلمەس بىر ئەشئار
مۇسەددەسنىڭ نازىل بولغانلىقىنى چۈـ
شىنىشكەندى. ئۇلار ھاياجان بىلەن ھاـ

سىرىشاتتى. ئەشئار دېسە جېنىنى بېرىشكە
تەييار تۇرىدىغان ئىسمايىل داموللامگۇ-
زەل يۇسۇپنىڭ تەۋەللۇتىدىن كېيىن كۈ-
لۈمسىرىگەن ئاندەك ھاياجانلىنىپ كەت-
كەنىدى. ئۇ شاش ئېتىنى چاپتۇرۇپ يا-
لاقنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆ-
زىنى چۆپلۈككە تاشلاپ يۇمىلانغۇسى، يۈك-
سەك تاغلارنى باغرىغا بېسىپ سۆيگۈسى،
بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپ ناخشا - مۇقام
قىچقۇرغۇسى كېلەتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ
ئاجايىپ ھاياجانلىق مىنۇتلار ئىدى...

× ×

شۇ كۈنى كەچتە ئاق ئاتلىق پەرىش-
تىلەر قۇتبىدىن شاھ ئوغلى ھۇسەيىنخان
ھاجىم «تەجەللىي — مۇجەللىي» ھەزرەت-
لىرىنىڭ مۇلاقاتىغا مۇشەررەپ بولدى.
ئالىمنىڭ ئوتتۇرا بوي، چىڭ ئۇستىخان-
لىق سۇباتىغا، مېھرى - مۇھەببەت ۋە
ئاشىقلىق جۇلالاپ تۇرىدىغان بۇغداي ئۆڭ
چىرايىغا، ئىنچىكە، چىرايلىق ۋە تۈز قاڭ-
شىرىغا، تەپەككۇر نۇرلىرى يېغىپ تۇرى-
دىغان كۆزلىرىگە تويىماي قاراشتى. ئا-
لىمنىڭ ۋۇجۇدى ئورۇقراق بولسىمۇ، چېھ-
رىدىن گۈلدەك تەبەسسۇم ۋە جەسۇر ئى-
رادىسى چاقناپ تۇراتتى. زىيارەتچىلەر-
نىڭ تەشنا كۆزلىرىدە ھۆرمەت نۇرلىرى
توختىماي جىلۋە قىلدى. ئىززەت سۆزلە-
رى كۆز ئايلىرىدىكى كوھتام دەرياسىنىڭ
سۈيىدەك سۇزۇلۇپ ئاقتى. سېغىنىش پى-
راقلىرى، جۇدالىق ھىجرانلىرى، ۋىسال
ئارمانلىرى بايان قىلىندى. ئەھلى ئىلىم
جەم بولغان سورۇنغا لايىق كۆپ ئۆتمەي
سۆھبەتنىڭ رايى ئىلمىي مەسىلىلەرگە
كۆچتى. تىلشۇناسلىق، ئەشئارچىلىق، تا-
رىخ، ئىلمىي مەنتىقە، ئىلمىي نوجۇم،
كىمياگەرلىك — تىبابەتلەرنىڭ يېڭى -

يېڭى سىرلىرى بىلەن مەزمۇنلاندى.
ئۆزلىرى كەسىپ سۈپىتىدە شۇغۇللىنىۋات-
قان تىب — داۋالاشتىكى، دورىگەرلىكتىكى
يېڭى تەجرىبە - نەتىجىلەر تونۇشتۇرۇل-
دى، ئالىم سۆزلەيتتى، ئاڭلىغۇچىلار كۈچ-
لۈك سوئال ۋە پاساھەتلىك قوشۇمچىلىرى
بىلەن تولۇقلايتتى. ئۇلارنىڭ تولۇقلىمى-
لىرى كۆپرەك تارىخنىڭ قايتىلانمىلىقى،
خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ شۇملۇقلىرى،
ئەل بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ ئېغىر-
لىقى ھەققىدىكى شىكايەتلىك ھېكايىلەر
بىلەن رەڭلەنسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئاخىرى
كېلىپ يەنە ئاشۇ پەن قانۇنىيەتلىرىنىڭ
ئىسپاتى تۈسىنى ئالاتتى. ئىلمىي تىپتە
جىسمانىي بىمارلىق بىلەن روھىي زەئىپ-
لىكنىڭ قايسىسىنى داۋالاشنىڭ ئالدىنقىلى-
قى ھەققىدە مۇنازىرە كۆتۈرەتتى ۋە ئار-
قىدىنلا ئۆز شۆبھىلىرىگە ئالىمنىڭ سۇق-
راتتىن، فارابىدىن، ئىبنىسىنادىن كەل-
تۈرگەن نەقىللىق دەلىللىرى ئارقىلىق
جاۋاب تاپاتتى.

شۇ كۈنى ئىسمايىل داموللامنىڭ مول
نېمەتلىك داستىخىنى ئالدىدا، مەخمۇت
قارىھاجىمنىڭ تەمبۇر تەڭكەش قىلىنغان
مۇڭلۇق مۇقاملىرىغا ئىشتىياق كۆرۈنەر-
لىك تۆۋەن بولدى. كۆپ ھاللاردا
مەخمۇت قارى ھاجىمنىڭ ئۆزىمۇ
تەمبۇرنى تامغا يۆلەپ قويۇپ سۆھبەتكە
قوشۇلۇپ كېتەتتى. سورۇندا جەم بولغان-
لارنىڭ كۆپىنچىسى — ئەخمەت قۇداي ۋە
باشقا بىر قانچەيلەننى ھېسابقا ئالمىغاندا —
شائىرلىقى بىلەن روھىيەتنى، تېۋىپلىقى
بىلەن جىسمانىيەتنى ئەملەيدىغان ئۆلى-
مالار ئىدى. شۇڭىمۇ سۆھبەتنىڭ قىزىق
نۇقتىسى يەنىلا ئەشئارچىلىقتىكى ئەڭ يېڭى
مۇۋەپپەقىيەتلەرگە مەركەزلەشتى. ھېلى -

مۇشۇ ئىسمىسلاغا كىلىۋاتىقان يولدافازىل
بولغان ئاجايىپ مۇشائىرە ـ مۇسەددەس
ھەققىدە پاراڭ بولغاندا، ئالىم ئاگلاش
ئىختىيارىدىن بىشارەت بەردى. مۇسەد-
دەسنىڭ ئاپتورلىرى بىر ـ بىرىگە قاپ-
راشتى، نېمىشقىدۇر ئاجايىپ ئىلھامنىڭ
تۇرتكىسىدە زۇۋانغا جايىز بولغان ئاشۇ
گۆزەل مىسرالار ئەمدى ئەستىن قېچىپ
قالغاندەك بىلىنەتتى. مانا شۇ چاغدا ئەخ-
مەت قۇداي ئورنىدىن تۇرۇپ مۇسەددەسنى
ئۆز كۆبلېتلىرى تەرتىپىدە تاغلىقلارغا خاس
جاراڭلىق ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپ
كەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
بىر ئاڭلىغاننى شۇ زامات ئەستە قالدۇرا-
لايدىغان ئاجايىپ زېھنىگە ھەيران قالدى
ۋە ئارقىدىنلا شېئىرنىڭ سېھىرلىك تۇي-
غۇلىرى ئىچىگە غەرق بولۇشتى. مۇسەد-
دەس ئاخىرلاشقاندا، ئالىمنىڭ كۆزلىرى-
دىن ئىسسىق تامچىلار دومىلاپ چۈشتى،
ئورۇق ۋۇجۇدى گۈل ياپرىقىدەك تىترەيت-
تى. ئولتۇرغانلار ھەزرىتىمنىڭ دەمدەر-
دەك بۇقۇلداپ، ئىچىگە بوغۇلۇپ يىغلا-
ۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى ۋە ئۆزلىرىمۇ قو-
شۇلۇپ يىغلاپ كېتىشتى...

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە، ئەخمەت قۇ-
داي ئۆز كارۋىنىنىڭ ئارقىسىدىن يېتى-
ۋېلىشنى كۆزلەپ، خوشلىشىشقا ئىجازەت
سورىدى. ئالىملار ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئا-
جايىپ زېھنىگە باركاللائە يلەپ دۇئا بەردى.
ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئالىمنىڭ مۇبارەك قول-
لىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، يە-
كەننىڭ دوتىيى شىن دارىن بىلەن ئالىم-
نىڭ ئەركىنلىكى توغرىسىدا سۆزلىشىدى-
غانلىقىنى ۋەدە قىلىپ خوشلاشتى...

ئەخمەت قۇداي كەتتى، شۇنداق قىلىپ
ئوتتۇرا ئاسيانىڭ شېئىرىيەت ئاسمىنىدا
«مۇشائىرەئى ئەندىلەپ»، «سەيدىڭ قۇ-
يابەر سەييياد»، «مۇسەددەسى فۇرقەت»
دېگەن داملار بىلەن ئاز كەم بىر ئەسىر
جاراڭلىغان ئاشۇ مەشھۇر مۇسەددەس جا-
ھانغا تارقالدى. ئۇ، شۇ بىر ئەسىر جەر-
ياندا ئاجايىپ گۆزەل تىلى، مۇزىكىدەك
روشەن رىتىمى، مۇتائىلە قىلغانسېرى يېڭى-
يېڭى مەزمۇنلار ھۆسن ئاچىدىغان پاسا-
ھىتى ئارقىلىق شېئىرىيەت گۈلزارىغا يې-
قىنلاشقان ھەر بىر ئوت يۈرەكنىڭ تەل-
مۈرگەن نەزەرلىرىگە ئەڭ ئالدى بىلەن
قىزىل گۈلدەك ئايان بولاتتى. ئۇ ئېغىز-
دىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ تارقالدى. خوتەن
قەغىزىگە مىڭلاپ نۇسخىلاردا كۆچۈرۈلدى.
مەدرىسلەرنىڭ قاراڭغۇ ھوجرىلىرىدا، ئۇ-
نىۋېرسىتېتلارنىڭ جۇشقۇن كېچىلىرىدە
دېكلاماتسىيە قىلىندى. ھەربىر ئوقۇغۇچى
ۋە ئاڭلىغۇچى ئۇنىڭ ئاشۇ تويۇنغان مىس-
رالىرى ئىچىگە ئۆمۈرلۈك ئارزۇ ـ ئارمان-
لىرى، مۇقەددەس تىلەك ـ ئىلتىجالىرى
يوشۇرۇنغاندەك ھېس قىلىشاتتى. « سەي-
دىڭ قۇيابەر سەييياد» دېگەن ئاشۇ خى-
تاب بىپايان پەلەكتە، يۈكسەك تاغلار-
نىڭ چوققىلىرىدا، ئەزىم دەريالارنىڭ
شاۋقۇنلىرىدا، بوران ـ شامالللارنىڭ گۈ-
زۈلدىشىدە، چاقماق ۋە گۈلدۈرمامىلار-
نىڭ ساداسىدا جاراڭلايتتى...

× ×

كۆپ ئۆتمەي، ئەخمەت قۇداينىڭ خىز-
مەتلىرى تۆپەيلىدىنمۇ ياكى مانجۇ ئىس-

تېپىداتلىرىنىڭ خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇل-
مىنى بوشاشتۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس
قىلغانلىقى سەۋەبلىكمۇ، ئىشقىلىپ قۇتېب-
دىن شاھ ئوغلى ھۇسەيىنخان ھەزرى-
تىم ئۈستىدىكى تەقىپنىڭ بىكار قىلىنغان-
لىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. ئالىم
ئىشىنەر - ئىشىنەلمەي بىرەر يىلغىچە
ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن ئاخىرى قا-
غىلىققا كۆچتى. ئۇ زاكىرجان مەخسۇم ھا-
جىم، شائىر موللا سەئىدۇللا، مۇتىللا ئە-
لەم ئاخۇنۇم قاتارلىقلار بىلەن دائىم ئۇل-
پەتلىشىپ تۇراتتى، يىراقتىكى ئىسمى-
لانى، كوھتام دەرياسى بويىنى ۋە ئۇ
يەردىكى ئابدۇللاموفتى ھاجىم، ئىسمايىل
داموللام قاتارلىقلارنى يادىغا ئېلىشاتتى.
يىل ئارىلاپ گۇمىدىكىلەر قاغىلىق تە-
رەپكە، قاغىلىقتىكىلەر گۇما تەرەپكە ئۆ-
تۈپ قەدىناسلار دىدارلىشاتتى، شۇ دەۋر-
نىڭ بۇ زاماندىش شائىر - ئۆلىمالىرى ئون
توققۇزىنچى ئەسىردىن ھالقىپ تاكى ئۆمۈر-
لىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر-بىرىنى ئىزدىشىپ
تۇردى. ھەر قېتىم دىدارلاشقانلىرىدا ئاشۇ
مەشھۇر مۇسەددەس توغرىسىدا قىزغىن
پاراڭلىشاتتى، مۇقەددەس ئارزۇ تىلەك-
لىرىنى سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە
ئىسمايىل داموللام—كېيىن ھەج - تاۋاپ
پەرزىنى ئادا قىلىپ ئىسمايىل ھاجىم دەپ
ئاتالدى—ئەڭ ئۇزۇن، تاكى 1950- يىلى-
غىچە ھايات كەچۈردى. ھەممە قەدىناس-
لىرىغا ئاتاپ تەزىيە نامىلارنى يازدى. ئۇ
كىشىنى كۆرگەنلەرنىڭ ھېكايە قىلىشىچە،
مال-دۇنيالىرى ھەددى-ھېسابسىز بۇ تول-
غان زەردار سەكسەن ئۈچ يىللىق ئۆمرىدە
سەكسەن ئۈچ خوتۇن ئالغان بولسىمۇ زادىلا
بالا يۈزى كۆرمىگەنمىش (ئۇلار موللاخېنىمنى
ئۇنىڭ بېقىۋالغان قىزى دېيىشىدۇ). ۋەھا-
لەنكى، ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئاجايىپ
ئىجتىھاتىغا ھەممە قايىل بولۇشاتتى، ئۇ
ئاشۇ ئىسمىسلادىكى گۈزەل بېغىغا ياسات-
قان ھەشەمەتلىك راۋاق ئۈستىدە ئولتۇ-
رۇپ، كۆپ ۋاقتىنى شېئىر ئىجادىيىتىگە
سەرپ قىلدى. تەجەللىي- مۇجەللىي ھەز-
رىتىمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ شې-
ئىرلىرىنى ماختىغان ياكى ماختىمىغانلىقى
نامەلۇم، ۋەھالەنكى زاماندىشى بول-
غان ئاشۇ ھۇسەيىنخان ھەزرىتىم، فۇرقەت
مەخسۇم ھاجىم، موللا سەئىدۇللالارغا ئوخ-
شاشلا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپلىگەن گۈزەل شې-
ئىرلار مىراس قالدى ۋە كېيىنكىلەر تە-
رىپىدىن ئۇيغۇر يېقىنقى زامان دېموكرات
شائىرى دەپ قەدىرلەندى. ئاخىرىدا قەيت
قىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىر
پارچە گۈزەل شېئىرنىڭ، بىر قىممەتلىك
مول ئىلمىي سۆھبەتنىڭ بىر ئادەمنى ئې-
لىم ساھىلىغا سۆرەپ كىرەلەيدىغان پاكىت:
«تاغ باتۇرى» ئەخمەت قۇداي ئۆمرىنىڭ
كېيىنكى قىسمىدا «تاغ موللىسى»غا ئاي-
لىنىپ مەشھۇر «خەزىنە» دېگەن ئىقلىم
كىتابىنى يېزىپ قالدۇردى. ئابدۇللاموفتى
ھاجىمدىنمۇ كۆپلىگەن شېئىر، ئابدىجېلىل
داموللام ئاتلىق شائىر ئوغۇل، ئابلىكىم
مەخسۇم ھاجىم نامىلىق يازغۇچى، ئۆلىما
نەۋرە قالدى...

# تۇنۇگۈنكىنى ئەسلەش — ئەتە ئۈچۈندۇر

**مەھەممەت چاۋار**

ھېكايە: «قوشتاغدىكى مۇشائىرە».
ئاپتورى: نۇرى مۇھەممەت تېتوختى.

تەقرىز: شېئىرىيەت تارىخى ھەققىدىكى كۈچلۈك ئەنئەنە تۇيغۇسىغا ئىگە بۇ ھېكايىنىڭ ئۆزى بىر شېئىر. ھېكايىنىڭ سيوژېت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللارنىڭ ھەممىسى شېئىر بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، كىشىنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ. مەلۇمكى بۇ بۈيۈك بىر پارچە شېئىرنىڭ ئالەمگە كېلىش تارىخى توغرىسىدىكى يېڭى ئىزدىنىشتۇر.

ئۆتمۈش بىزدىن كۆپ يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گېنىتىك تۇتۇلۇملىرى بۈگۈنكى زامان ئومۇرتقىسىدا يەنىلا مەۋجۇت. ئۆتكەن ئاڭ تارىختا ئەنئەنە ھېسابلانسا، شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىمە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەنئەنە بىلەن ئەسلىمە ھازىرقى زامان ئادەملىرى ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجتىمائىي ھۆجەيرىدۇر. چۈنكى، نۆۋەتتە كىشىلەر ئۆزلىرىنى قايتا قۇرۇۋاتىدۇ!

ئەسەر چاچما سيوژېت قۇرۇلمىسىغا ئىگە. تەسەۋۋۇر، ھېسسىيات، تىل بىلەن تەكشىلەنگەن سىمفونىيە. ئەسەردىكى پېرسوناژلار پائالىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر ئوبيېكتىپ تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا كومپوزىتسىيىلەنگەن. ھېكايە مۇھىتىدا توقۇلما ۋاستىسى ئارقىلىق كەيپىيات شەكىللەندۈرۈلگەن. ھېسسىيات، ئاپتورنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدىكى ئىنچىكە تەسۋىرلىرى بىلەن سۇبيېكتىپ خاھىشچانلىقىدا ئىپادىلىنىپ، مۇشائىرەنىڭ تۈگەنچىسىدە ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى راۋان، ئېنىق، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، كۈچلۈك شېئىرىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئەجەبلىنەرلىك: ھېكايىنىڭ ھېكايىلىق خۇسۇسىيىتى قەيەرگە كەتتى؟ ئۇنىڭدا نە تىپ، نە خاراكتېر دېگەنلەر يوقمۇ؟ ئەسەر پېرسوناژلىرى ئىلاھمىدۇ؟ شۇنداق، سىز بۇ يەردىن ئەركىنلىك ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقان بىر توپ شائىرنىڭ پىداكارانە روھىدىن باشقا يەنە نېمىنى كۆرمەكچى ئىدىڭىز؟ بىلمەيمەن، ياكى ھازىر يازغۇچىلار ھېكايىنى شۇنداق يازامدىكىن؟!...

**ھۆرمەتلىك نۇرى مۇھەممەت**

«قوشتاغدىكى مۇشائىرە» نى ھاياجان، پەخىرلىك ھېسسىيات بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. خۇددى مۇھىم بىر نەرسىنى جىددىي ئىزلەپ ماڭغان كىشىدەك، ئاخىرىدا نېمە چىقاركىن دەپ ئەسەرنىڭ تۈگىگىنىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. تارىختىكى ئىلىمدىكى ئەسەرلەرنى بۇنداق خاس، گۈزەل شېئىرىي تىل بىلەن يېزىپ چىقىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس؛ مەن ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇساممۇ ئەمما مۇشۇسى ماڭا پەۋقۇلئاددە تەسىر قىلدى، غۇرۇرۇمنى ئۇرغۇتتى، سەپەر ئۈستىدە بىر ئىلمىي ئەنجۇمەننى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن تەبىئىي، تەسىرلىك ھالدا ئىپادىلەپسىز. روشەنكى بۇ ئەسەر ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىم-ئۆلىمالارغا ئاتالغان ئۆلمەس بىر ئەدەبىي تەرجىمىھال بولۇپ قالغۇسى.

ھېكايىدىن ھازىرچە بىرەر نۇقسان ھېس قىلمىدىم. قالغان ئىككى پارچە ئەسەرنى تېخى كۆرەلمىدىم، سىز قوشۇلغان تەقدىردە بۇنى بىز ئىشلەتسەك.

سەپدىشىڭىز: **مەتقاسىم**

# ساداقەت ئىمتىھانى

(ھېكايە)

**مەمەتجان مەتسەيدى**

ئافرىقىلىقلار ئۆز بەدىنىنىڭ قاپقارا بولۇشىنى، ھىندونېزىيىلىكلەر قولىقىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تەگرى ئاتا قىلغان ئامەت ھېسابلايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىزنىڭ ئابدۇللامۇ ئايالى مەخپۇزىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى پارقىراپ تۇرىدىغان كۆرۈمسىز تاتۇقىنى ۋە ئۇششۇك سويمىسىنىڭ بۇرنىدەك دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان لەۋلىرىنى يېقىملىق ۋە ئوماق ھېس قىلىدۇ. مەخپۇزمۇ ئېرى ئابدۇللانىڭ ماكچىيىپ كەتكەن ماي تۈگمىدەك پاناق بۇرنىنى، سايىدا قالغان چۈژگۈن ئوتتەك ئاجىز تۈكلەر سالپىيىپ تۇرىدىغان ئالا باش گەدىنىنى قىممەتلىك ئاتا مىراسىدەك ئەتىۋارلايدۇ.

× ×

ئىيۇل ئايلىرىنىڭ پىژغىرىم ئاپتىپى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بۇ كىچىككىنە مەھەللىنى تونۇردەك قىزدۇرماقتا. ئۇسسۇزلۇقتىن قولاقلىرى سالپىيىپ، سارغىيىشقا باشلىغان ئىپايان قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى گەۋدە بەس-بەستە ئىشلىمەكتە. شۇ تاپتا ئۇلار بىر-بىرىدىن چەپدەس ئىدى.

— ئۇلار قوي قىغى بىلەن قوناقلارنىڭ تۈۋىگە ئەي قويۇپ، توپا يۆلىمەكتە. ھەر بىر تۈپ قوناق ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى بولغاچقا، خۇددى يالغۇز ئوغلىغا كۆيۈنگەندەك ئەتىۋارلاپ، قولاقلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلار گەرچە ھايات سەپىرىگە قەدەم قويغىلى ئۇزۇن بولمىسىمۇ پېشقان دېھقانلارغا ئايلاندى. چۈنكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇدۇمى ئۇلارغا كۆيىنىپ ئىشلەش، زىرائەتلەرنى ئەتىۋارلاپ پەرۋىش قىلىشتەك ئىخلاسمەنلىكنى تەقدىم قىلغانىدى. سەۋر، چىدام، ھالاللىق، ئىخلاسمەنلىكنى ئاساس قىلغان ئاشۇ ئۇدۇم ۋەجىدىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ قوللىرى كەتمەن سېپىدا چۈيۈندەك قاتتى، پاتاگلىرى تۆمۈردەك چىگىدى، بەدەنلىرى شىردەك كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدى.

مانا، بۇ ئىككى گەۋدىدىن يىراق-يىراقلارغا قەلبلەرنى لەرزىگە سالغۇچى سىتىرېئولۇق ئاۋازلار تارقالماقتا. ئۇلار ئىشلىگەچ «لىۋەن يارلار» غا ئوۋلىماقتا، يۈرەكلەرنى سۇ قىلىپ ئاقتۇرىدىغان لىرىك ناخشىلارنى ياڭراتماقتا. بۇ ناخشىلاردىن گاھ ناتىۋان قىزنىڭ ئىزگۈكۆيلىرى ياڭرىسا، گاھ مۇھەببەت باياۋىنىدا ھەسرەت قۇملىرىنى يەپ، شامال بىلەن سىردىشىۋاتقان تەلەيسىز يىگىتنىڭ مۇڭزارى تارقىلاتتى. بەزىدە مۇھەببەت شەربىتىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئوتلۇق تىنىقلىرى ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

خۇدايا توۋا، قوناقلىقتا توپا يەپ، قىغ غاجاپ ئىشلىگەن «تومپاي» ئادەملەرنىڭمۇ ئاۋازى مۇشۇنداق مۇڭلۇق چىقامدىغاندۇ؟ ئېتىزلىقنىڭ چاڭ-توزان-

لىرى، قىنغىنىڭ قاڭسىق پۇراقلىرى ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ياخشىلامدىغاندۇ - يە؟! بۇ بىر مۆجىزە، ھەقىقىي سەنئەت!

يۇرەكنى ئەزكۈچى بۇ ئاجايىپ مۇڭلۇق سادالار قەلبلەر تارىنى ئۈنسىزچە كەمكەتە. ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە مۇڭلۇق ناخشىسىنىڭ سېھىرلىك تەسىرى پۈتۈن تەبىئەتنى ئويغاتتىمۇ قانداق، ھالسىزلانغان قوناقلارمۇ قول تۇتۇشۇپ تۇرۇپ خور ئورۇنداۋاتقان بىر توپ بالىلاردەك لەرزان ئىغاڭلىماقتا. قاياقتىندۇر مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئاق قۇشقاچلارنىڭ چۇرۇلداشلىرىمۇ ناخشىغا تەڭكەش بولماقتا...

مانا، بۇ ئىككى گەۋدە — ئابدۇللا بىلەن مەخپۇزنىڭ گەۋدىسى. چۈشتىن سەل ئۆتكەندە ئۇلار دەم ئېلىش قارارىغا كېلىشتى. مەخپۇز قوناقلىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئورەكتىلا سۇنايلىنىپ ياتتى.

— قارا، مەخپۇزۇم، مەن نېمە ئەكەلدىم؟ - قوناقلىقتىن خۇشال چىقىپ كەلگەن ئابدۇللا قولىدىكى سويىمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— كۆردۈم، تۈكى چۈشمىگەن توڭسويمىدىن بىرنى تېپىپسىز شۇ.

— نېمە؟ بۇنى خالىمامسىز؟

— ۋىيەي، ماۋۇ نازۇكنى، مۇنداقلا دەپ قويسام دومسايغىنىنى، ئۇسساپ كەتكەندە، توڭ بولسىمۇ تازا ياقىدۇ - دە.

ئابدۇللا مەخپۇزنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرۇپ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن سويىمنى «ۋاراس» قىلىپ ياردى - دە، مەخپۇز قوناقلارنىڭ قولىقىدىن يېيىپ سالغان «داستىخان» ئۈستىگە ئالتە پارچە قىلىپ قويدى. ئاندىن بىر - بىرىگە خوش ئېتىشكىنىچە، غاجاپ يېيىشكە باشلىدى، گەرچە سويما تېخى تازا تەمگە كىرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار زوق - شوقى بىلەن يېيىشمەكتە. شۇ تاپتا ئۇلار ئۈچۈن شەربەتلىرى تېمىپ تۇرىدىغان ئاق ناۋاتمۇ گويا ئەرزىمەس بىر نەرسە.

ئۇلار سويمىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، مەخپۇزنىڭ بۆز ياغلىقىغا يۆگەلگەن بۇغداي كۆمىچىنى ئېلىپ مەزە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى. ئەنە، ئابدۇللا مەخپۇزنىڭ ئېغىزىغا بىر چايناملىق ناننى سېلىپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن مەخپۇزمۇ يېرىم چىشلەم ناننى چايناپ، تىلىنىڭ ئۇچىدا ئابدۇللاغا ئۇزىتىۋىدى، ئۇمۇ بويىنىنى غازدەك سوزۇپ ناننى شوراپلا يۇتۇۋەتتى. ئارقىدىن ئىككىسىلا قوناقلىقنى چاڭ كەلتۈرۈپ كۈلۈشۈپ كەتتى. پۈتۈن تەبىئەت، دەل - دەرەخ، ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا زوقلىنىپ ئېلىقىپ - ئېلىقىپ كۈلۈشتى. ئەجەب ئىش، تەبىئەت بۇ ئاددى، كۆرۈمسىز سەھرالىقلارغا نېمىشقا زوقلىنىدىكىنە؟ بىردىنبىر سەۋەب تەڭرى ئۇلارغا بايلىق ۋە مەرتىۋە ئاتا قىلمىغىنى بىلەن تاغ سۈيىدەك پاكلىقنى، توسۇن تايىدەك شوخلۇقنى، قەدىمكى داستانلاردىكى ئاشىق - مەشۇقلاردەك ۋاپادارلىقنى، چۆل يۇلغۇنىدەك ساددىلىقىنى ئاتىمىغانىدى.

ئۇلار يەنە ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. كۈن ئولتۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي نەمخۇش ئىسسىق ھاۋا قوناقلىقنى ئۆز باغرىدا ئېلىلىتماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلەكلىرى تەرگە چىلاشتى. مەخپۇزنىڭ بويۇنلىرىدىن ئاققان كۈمۈشتەك پارقىراق تەر ئۇماققىنا كۆتۈرۈلگەن بىر جۈپ كۆكسى ئارىسىدىكى ئېرىقچىدىن سۇ بولۇپ ئاقماقتا. ئابدۇللا بۇنى كۆرۈپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. تۇرغانسېرى ئىچى

سېرىلىپ، قەلبى چىمدىغۇسىز ئازابقا تولدى. ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك غەمگۇزارىنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ئۆزىچە خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالدى.

— جېنىم مەخپۇزۇم، ئۆيگە كېتىڭ، قالغان يەرگە ئۆزەم ئەي قويۇۋېتەي، — دېدى ئۇ غەمكىن ھالدا.

— سىزگە نېمە بولدى ئابدۇللا؟ باشقىچە كۆرۈنىسىزغۇ؟

— سىزگە پايلىمىدىم مەخپۇزۇم، بەكمۇ چارچاپ كەتتىڭىز، ئۆيگە قايتىپ ئارام ئېلىڭ.

— پايلىمىغۇدەك نېمە بار دەيسىز؟ بىز شۇنداق جاپاغا تۇغۇلغان خەق. مەن چارچىغۇدەك ھېچ نېمە بولمىدىم، كەتسەك تەڭ كېتىمىز.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، سىز ئۆيگە بېرىپ تاماق ئېتىڭ، بولامدۇ؟

— بوپتۇ ئەمىسە، نېمە تاماق ئېتىمەن؟

— كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتسا شۇنى ئېتىڭ، ھەتتا ئاختامنىڭ چالمىسىنى پىشۇرسىڭىزمۇ جان دەپ يەيمەن.

ئۇلار كۈلۈشتى، ئابدۇللا يېقىن كېلىپ مەخپۇزنىڭ چىرايىغا ۋە لەۋلىرىگە تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. جاۋابەن مەخپۇزمۇ ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئۇلار خۇددى تۇنجى مۇھەببەت ئىلىشىۋاتقان ئاشىق-مەشۇقلاردەك بىر-بىرىگە ئوتلۇق نەزەرى بىلەن قارىماقتا. شۇ تاپتا مەخپۇزنىڭ كۆكۈش لەۋلىرى ئابدۇللا ئۈچۈن ئالىي دەرىجىلىك لەۋ بويىقى بىلەن قىزارتىلغان ئوتقاشتەك لەۋلەردىن مىڭ ھەسسە لەززەتلىك...

ئۇلار كەچتە ئەزىلىك سۈيۈق ئاشتىن تويغىچە ئىچىشكەندىن كېيىن، ھويلىسىدىكى ئۈجمىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ياندىشىپ ئولتۇرۇشتى. بىر پەس قىچىقلاشتى، چىمداشتى. مەخپۇز ئابدۇللانىڭ بۇرنىنى يېنىككىنە چىشلەپ، ئەركىلەپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىزنىڭ مۇشۇ پاناق بۇرنىڭىزنى چىشلەپ ئۈزۈۋالسام دەيمەن.

— ئۈزۈۋالسىڭىزغۇ مەيلى ئىدى، بىراق، پۇچۇق بولۇپ قالسام تاشلىۋېتەرسىزمىكىن دەيمىنا.

— ئېغىزىڭىزنى چايقىۋېتىپ سۆزلەڭ پاناق...

ئۇلار خۇددى بىرى كوماندا بەرگەندەك تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— جېنىم مەخپۇزۇم، بىزمۇ بالىلىق بولارمىزمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆزۈم سەت بولسامۇ، سىزگە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدەك چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىمەن.

× ×

بۈگۈنمۇ ئۇ مەخپۇزنى بۇرۇنراق كەتكۈزۈۋەتتى، ئۆزى ئالتىمو قوناقنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ قوناقلىق ياقىسىدىكى تار يولدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ كېلىۋاتاتتى. تۇساتتىن يان تەرەپتىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— ئابلاجان، كەچ تەرەپلەردە بىزنىڭكىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقامسىز؟

ئۇ قوشنىسىنىڭ ئايالى ھەيۋىخاننى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندى. ھەيۋىخان ئۇنىڭ تام قوشنىسى مەكسۇر جەگزەننىڭ ئايالى بولۇپ، چىرايى كېلىشكەن، چىرايلىقلار قاتارىدىن سانىلىدىغان ئەرزىگۈدەك چوكان ئىدى. مەكسۇر جەگزەن بىر نەچچە يىلدىن بۇيان تىجارەت قىلىمەن دەپ يەرنى تاشلىۋېتىپ يۇك-تېرە سودىسىغا كىرىشىپ، بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە

خېلىلا ھالىق ئائىلىلەردىن بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى باياشاد بولسىمۇ ئەمما ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ كۆڭۈل رىشتى تازا چىڭ باغلانمىغان ئەھۋالدا ئىدى.

— ھەيۇنخان ئاچا، — دېدى ئابدۇللا تەئەججۇپ ئىچىدە، — بۇگۈن ئەجەب ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلىپ قالدىڭىزغۇ؟ بىرەر مەسلىھەت بارمىدى؟

— بۇگۈن ئۆيدە مەڭسۇر يوق، ئېرە ئالىمەن دەپ باشقا ياقلارغا كېتىپ قالدى، شۇڭا...

— ئاچا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەڭسۇر كام بولمىسا مەنمۇ كىرمەيمەن.

— ۋىيەي ئابلاجان، ئۇ پاھىشىۋاز ئوغرىمۇ مۇشۇ تۇرقىدا بىرەر دېغىراپ قالغان بىلەن ئوينىۋاتقاندۇ، — ھەيۇنخان شۇنداق دېگىنىچە نازلىق قىلىقلارنى قىلىپ ئابلاجانغا يېقىنلاشتى.

گەرچە ئابدۇللا ھەيۇنخان بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان قوشنا ئولتۇرسىمۇ توكەمەس ئېتىز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بۇنداق قىچىقى بارلىقىنى بىلمىگەنىدى. ئېرىدىن ئايرىلغىلى بىر نەچچە كۈنمۇ بولمىغان ھەيۇنخان بۇگۈن چىغلىقتىكى توشقانغا ئۆزىنى ئاتقان ئاچ بۆركۈتتەك سەۋرى-تاقەتنى ئۇنتۇغانىدى. ئەمدى كۆز ئالدىمىزدا قانداق ئەھۋال روي بېرەركىن؟ ئابدۇللا بىر تۈز سىزىق، ھەيۇنخان بولسا بىر ئەگرى سىزىق. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويغىلى بولمايدۇ، بەلكىم ئابدۇللا ھەيۇنخاننىڭ سۆزىگە ئالدانماس.

«بەلكىم» سۆزىدىكى ئېھتىماللىق، راستىنلا يۈز بەردى. بىر دەقىقە شەيتان ۋەسۋەسىسى ئابدۇللانى ئازدۇردى. ئۇ ھەيۇنخاننىڭ نازلىق قىلىقلىرىغا، ئويناپ تۇرغان قاشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاپادارى مەخپۇزنى ئۇنتۇدى.

— جېنىم ئابلاجان، سىز كېلىشكەن، چىرايلىق يىگىت، بىزمۇ مەخپۇزدىن كەم ئەمەس. «مانا مەن» دەپ ئالدىڭىزغا كەلگەندە، ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ. يىلەك كۈندە خەمەكلىمەيدۇ جۇمۇ...

ئابدۇللا ھەيۇنخاننىڭ شېرىن كەپلىرىدىن ئېرىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە چىقىشقا ۋەدە بەردى.

ئۇ ھەيۇنخان بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەلگەندە، مەخپۇز ئاشنى سوۋۇپ قالمىسۇن دەپ كونۇلۇڭدىكى قوقاسقا قويۇپ ساقلاپ ئولتۇرغانىدى.

— بۇگۈن بەكمۇ كەچ قالدىڭىز، ئاشمۇ سوۋۇپ قالاي دېدى.

— يەرلەرنى سۇغىرىپ بولالماي... — ئابدۇللا مەخپۇزغا تۇنجى قېتىم يالغان ئېيتتى. ھېلى ئىچكەن يىلىمان ئاشتەك، ئايالىنىڭ ناز-ئەركىلەشلىرىمۇ بۇگۈن ئۇنىڭغا تېتىمىدى. ئابدۇللادىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن كۆڭلى يېرىم بولغان مەخپۇز كۆڭلى بىرەر خېيىم-خەتەرنى سەزگەندەك ئارامى بۇزۇلۇپ، بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئازابلىنىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ توي قىلغان ئىككى يىلدىن بۇيانقى تۇنجى ئازابلىنىشى ئىدى.

مەخپۇزنىڭ يىغىسى ئابدۇللانىڭ خىيالىنى بۇ جان كۆيەر ئايال بىلەن تونۇشقان، بىللە ياشىغان، ئۆز ئارا ھەمدەم بولۇشقان چاغلارغا سۆرەپ بېرىپ، ھېلىلا ھەيۇنخانغا بەرگەن ۋەدىسىدىن ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. ئۇ مەخپۇزنىڭ ئۆزىگە ئۆز ئانىسىدىنمۇ ئارتۇق كۆيۈنى-

دىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ بىلەن ساداقەتتە بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، سادىق ئايالىغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ سۇيۇق كۆڭۈللۈك قىلغىنىغا ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ھويلىغا بىر تال چالما چۈشتى، مەخپۇز يىغلاۋاتقاچقا بۇنى سەزمىدى. ئابدۇللا بۇنىڭ ھەيۋىخانىنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملىدى-دە، سىرتقا ماڭدى. ئىككى قوشنىسىنىڭ پاسىلىنى ئايرىپ تۇرىدىغان قېرى ئۆرۈكنىڭ تۈۋىدە ھەيۋىخان ساقلاپ تۇراتتى.

— ھەي ئابلاجان، قاراڭغۇ چۈشسىمۇ نېمىشقا چىقمايسىز؟ ئادەمنى شۇنچىمۇ تەقەززا قىلغان بارمۇ؟ يۈرەكلىرىم ئەجەب سىقىلىپ كەتتىمىيا.

— خاپا بولماڭ ئاچا، مەن ئەمدى ئۆيىڭىزگە كىرەلمەيمەن.

— ھوي ئابلاجان، نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ئاشۇ سەت خوتۇنىڭىزدىن ئۈمىد ئۈزەلمىگەن ئوخشىمامسىز؟ بولمىسا، چاپسان ئۆيگە كىرەيلى، — ھەيۋىخان شۇنداق دېگىنىچە ئابدۇللانىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

ئابدۇللا ئۇنىڭ قولىنى غەزەپ بىلەن سىلكىۋەتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا گەپ قىلغۇچى بولماڭ، — دېدى ئۇ ھەيۋىخانغا غەزەپ بىلەن، — ئەگەر يەنە بولمىغۇر خىياللاردا يۈرىدىغان بولسىڭىز مەكسۇركامغا دەيمەن.

— ئوھۇش، ماۋۇ ئابلا گەردەن تازنىڭ كېپىنى، سەندەك لامزەللىنى ئادەم دەپ گەپ قىلىشىۋاتىمەن جۇمۇ. مەندەك خان ئاچاڭنىڭ سېنى ئادەم قاتارىدا كۆرگىنىدىن ئۆزۈڭنى ئاسمانغا چىقتىم دەپ ئويلىساڭ بولىدۇ. ھۇ قېرىپاناق...

ئابدۇللا ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

مەخپۇز تېخىچە يىغلاۋاتاتتى. ئابدۇللا ئەرلىك غۇرۇرى تۈپەيلىدىن بۇ ۋىجدان يارىسىنى مەخپۇزدىن يوشۇرسىمۇ، لېكىن چىن دىلىدىن ئۇرغۇپ چىققان ساداقەت تۇيغۇسىدىكى ۋەدە - قەسەملەر بىلەن ئۇنى بەزلىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ساداقەت ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنىدى. مەخپۇزمۇ يىغىدىن توختىدى، ئاز ئۆتمەي ئۆي ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى...

بۈگۈن ئابدۇللا ھاردۇقتا بۇرۇنلا ئۇيقۇغا كەتتى. مەخپۇز ئورنىدىن تۇرۇپ ئابدۇللانىڭ قولتۇقى يىرتىلىپ كەتكەن كاجى كۆڭلىكىنى ياماشقا تۇتۇندى. تەرنىڭ دەستىدىن ئاشلانغان تېرىدەك بولۇپ قالغان كۆڭلەكتىن بىر خىل قاڭسىق پۇراق دىماققا ئۇرۇلماقتا. ئەگەر بۇ پۇراقنى باشقا ھەر قانداق كىشى پۇراپلا سالسا چوقۇم كۆڭلى ئاينىغان بولاتتى، ئەمما مەخپۇز ئاشۇ قاڭسىق تەر پۇراپ تۇرغان كۆڭلەكنى مەڭزىگە ياقتى، بۇ پۇراق مەخپۇز ئۈچۈن خۇددى پارىژنىڭ قىممەتباھالىق ئەتىرلىرىدەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئابدۇللانىڭ ھىدى كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

× ×

بۇ بىر جۈپ پەرىشتە كەلگۈسىنى ئەنە شۇنداق غەمسىز، ھالال تەر بىلەن كۈتۈۋالماقتا. ئۇلار ھەر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ھويلىدىكى ئاشۇ ئۈجمە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدۇ، ئايغا قاراپ قاش ئېتىشىدۇ، چىقىلىشىدۇ، «مۈشت كەتتى» ئوينىشىدۇ، دەسلەپ تونۇشقان، بىر - بىرىدىن تارتىنىپ تىرناق كوچىلاشقان چاغلىرىنى، ھاياجاندىن تېپچەكلىگەن يۈرەكلىرىنى قانداق بەزلەشكەنلىرىنى ئەسكە ئېلىپ كۈلۈشىدۇ.

ئۇلار كۈلسۇن، ئۇلارنىڭ كۈلۈشكە ھەققى بار، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى سۆيۈملۈك، بىرى قەدىرلىك!

# خادا

(ھېكايە)

**مۇھەممەتئىلى مەتتىمىن**

خالدۇن ئاخۇننىڭ مېيىتى يەرلىكىگە قويۇلۇپ، گۆرنىڭ ئاغزى كۆمۈلۈپ بولغاندا، شاپ بۇرۇت، دوغىلاق گۆركار داق يەردە يۈكۈنۈپ دۇرۇت ئوقۇشۇۋاتقان جامائەتنى سورىدى:

— خادا قېنى؟

جامائەت بىر چەتتە بېشىنى يېرىم ئېگىپ قول باغلاپ تۇرغان ياش يىگىتكە — خالدۇن ئاخۇننىڭ ناھىيىدە ئىشلەيدىغان يالغۇز ئوغلى مەۋلانجانغا قارىدى.

— خادا؟ — مەۋلانجان سەل ھەيران بولدى. ئارىدىن ياشراق بىرسى پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئاپئاق سەللىلىك ئىمام كۈلكىگە بىر ھومايدى — دە، مەۋلانجانغا مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— ئوغلۇم، ئادەم دۇنيادىن ئۆتسە يۇيۇپ — تاراپ يەرلىكىگە قويۇش، تۇپراق بېشىغا خادا قاداش — بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى. دادىڭىزنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا خادىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز، ياشىقلارنىڭ يادىغا كەلمەپتۇ.

مەۋلانجان تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاكىغىچە توپ ئىچىدىن مەۋلانجاننىڭ يىراق بىر تۇغقىنى چىقىپ مەۋلانجاننىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. مەۋلانجان بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم ئىتتىك مەھەللە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

كىشىلەر ئۆز ئارا پىچىرلىشىشقا باشلىۋىدى، ئىمام كېلىنى قىردى:

— ھە قېنى جامائەت، دۇنيا پارىڭىنى ئازقىلىپ، رەھمەتلىك خالدۇن ئاخۇننىڭ ھەققىگە دۇرۇت ئوقۇيلى، ئاللاھۇممە سەللى ئەلا...

بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم قولى قۇرۇقھالدا ھاسىراپ يېتىپ كەلدى:

— خېلى ئىزدەپ باقتىم ئۇكام، ئۆيىڭىزدە خادا بولغۇدەك بىر نەرسە يوقكەن.

مەۋلانجاننىڭ پېشانىسىدىن بۇژژىدە تەر چىقىپ كەتتى. ھەيران بولغان، زاڭلىق قىلغان، ئىچ ئاغرىتقان كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— جامائەت، — ئىمام ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى، — خالدۇن ئاخۇننىڭ ھەر قايسىلىرىغا قىلغان ئەتكىنى باردۇر. رەھمەتلىك ھەر قايسىلىرى بىلەن ئىناق، ھالال ياشاپ پاك ئىمان بىلەن كەتتى. ئۇنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن، ئەھلى مۆئمىندىن بىرىڭلار بىرەر تال خادا ياردەم قىلىڭلار، ساۋاب بولار، بۇ ئىش ھەممىمىزنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ.

ئىمام ئۈمىد بىلەن ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقتى. ھەممەيلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالغان، جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ئىمام يەنە سۆز قاتتى:

— ئۇنداق قىلمايلى، بىرەر تال خادا

دېگەن چوقۇمىمىزدىن ئۆتۈپ چىقماس، — ئىمام مەۋلانجانغا قاراپ قويۇپ قوشۇپ قويدى، — پۇلغا بەرسەڭلارمۇ مەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، — تاقىتى تاق بولغان مەۋلانجاننىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقتى.

— مانا مەن بېرەي، — دېدى خالدۇن ئاخۇننىڭ قوشنىسى ئابدۇقادىر ئاخۇن، — لېكىن سېتىپ بېرىدىمەن، ساتقاندىمۇ بازار نەرقىدىن يۇقىرىراق، بىر تال خادا ئەللىك كوي بولسا بولار.

— نېمە دەۋاتىسىلا ئابدۇقادىر ئاخۇن، — ئىمامنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — قوشنا دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ قوشنا بولمىغاندىمۇ بىز دېگەن ئەھلى مۇسۇلمان، مۇسۇلمانچىلىق ئىنساپ بىلەن بولىدۇ. قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك بەش كويلۇق خادىنى ئەللىك كويغا ساتىمەن دېيىش بۇ قانداق گەپ ئۆزى — ھە!

— شاشمىسىلا ئىمام ئاخۇنۇم، — ئابدۇقادىر ئاخۇن ئورنىدىن دەس تۇردى، چىرايىغا ھەسرەت قاپلىغان، ئاۋازىمۇ تىترەپ — تىترەپ چىقاتتى، — خالدۇن ئاخۇندەك ئېسىل، ئادىل قوشنىمىزنى دېسەم ھېلىغۇ بىر تال خادىنى كەن ئا بېغىمدىكى ھەممە دەرەخلىرىمنى سورىسىمۇ ئۆزۈم كېسىپ بېرەرگەن بولاتتىم، خالدۇن ئاخۇننىڭ بېغىدىن بىرەر تال خادا چىقمىغىنىغا ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلمەمدۇ؟ ئولتۇرغان ھەممەيلەن بىلىمىزغۇ، يەتتە-سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا خالدۇن ئاخۇننىڭ دەل — دەرەخلىرى ھەممىمىزنىڭكىدىن چوڭ ئىدى. مانا ھازىر شۇنچە سۆگەت — تېرەكلىرى نەگە كەتتى؟ مانا ماۋۇ غوجام، — ئابدۇقادىر ئاخۇن قولىنى مەۋلانجانغا جوۋنىدى، — ئۇ قوشقا كېتىۋىدى، خالدۇن ئاخۇن يالغۇز ئوغلۇم دەپ ئۆت — بەش يىلنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە تېرەكلىرىنى ساتتى، بىزنىڭ بىزدىن ناھىيىگە يۆتكەيمەن، ئۆيلەيمەن دەپ قالغان قاتتىلىرىنىمۇ ساتتى. ناھىيىگە ئۆي سېلىپ بېرىمەن دەپ شادلىق ئايۋانلىرىنى ئاچتى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. كۆرۈشتىلتىمۇ، ھەممىسى مەۋلان ئاخۇننىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ تۈگىدى. بۇغۇ مەيلى، ئۆزىنىڭ دەرىخى، ئۆزىنىڭ ئۆيى، لېكىن، شۇنى دەپ قوياي، مەۋلان ئاخۇن كادىر بولۇپ تۆت ياز ئۆتتى. تۆت يازنىڭ ئىچىدە ئۇ بىر توپ چىۋىق تىككەن بولسا شۇنى دېسۇن، ئۈچيۈز ئاتمىش بەش كۈننىڭ ھەممىسىدە كادىرلىق قىلامدۇ ئۇ؟ ئوغۇل بالا دېگەن بىرگە ئىشلەپ قويۇپ، بىرنى ئىشلەتكۈلۈك، تۇغۇلغان يېرىنى ئۇنتۇمىغۇلۇق...

مەۋلانجاننىڭ ئىشلىداپ يىغلىشى بىلەن ئابدۇقادىر ئاخۇن سۆزدىن توختىدى ۋە يېنىدىكى ياش بالىغا دېدى:

— ماڭ، تېز بېرىپ تېرەك كېسىپ كەل، يوغانىنى كەس!

مەۋلانجان خىتىلدىغىنىچە بىر تۇتام پۇلنى ئابدۇقادىر ئاخۇنغا ئۇزاتتى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ئۇكام، — ئابدۇقادىر ئاخۇن باشتا چەكچەيدى، كېيىن بولسا كۆزلىرىگە ياش كېلىپ ئاۋازى بوغۇلدى، — سېلىپ قويۇڭ، نەزىرگە ئىشلەتمەرسىز، بولمىسا كۆچەت ئېلىپ باغقا تىكىپ قويارسىز، بابا ئۆزۈمنى تۇتالماي قايناپ سالدىم، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، ئاتا — ئانىڭىزنى، يۇرتىڭىزنى سېغىنسىڭىز كېلىپ تۇرارسىز...

— ئاكا، — مەۋلانجان ئېسەدىگىنىچە بېشىنى ئابدۇقادىر ئاخۇننىڭ مۈرىسىگە قويدى.

# ئېسىت ئون يۈەن

(ھېكايە)

ئابلەت ئەزىز

يالغان دەپسەندە قىلار ئادەمنى،
يالغان شەرمەندە قىلار ئادەمنى.

— سەئىدى شىرازى

ناۋايخانا ئالدىدىكى قاتار ئورۇندۇقتا كىشىلەر ئىشتىھا بىلەن گۆش گىردە يەۋاتاتتى. چېچىنى بۇدۇر قىلىپ ياسىتىۋالغان، پاناق بۇرۇن، جام كۆز، سېرىق چىراي يىگىت ئاخىرقى بىر چىشلەم ناننى ئاغزىغا كاپ ئەتتى - دە، ئۆز كويى بىلەن غىڭشىپ قويۇپ بۇرۇلۇپلا ماڭدى. شۇئان ناۋاي ئۇستام سىلىق-سىپايىلىق بىلەن دېدى:

— ھوي بالىموي، توختىغىنا، پۇلىنىچۇ؟

— قايسى پۇل ئۇ؟

— ناننىڭ پۇلىنى.

— بەردىمغۇ ھېلى.

— بالىموي ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، ئىككى نان يېدىڭ، پۇل تۆلىمىدىڭ.

— ئۆتە ساقال، مېنى ئالدامچى كۆرۈۋاتامسەن؟

— بالىموي ... ئەرشتە خۇدا، ئالدىمىدا شۇنچە كىشىلەر تۇرۇپتۇ. مۇشۇ ساقىلىم بىلەن قانداقمۇ يالغان سۆزلەي.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۈچ - تۆتى يىگىتنىڭ پۇل تۆلىمىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى، يىگىت ئەمدى ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇۋلىقى ئاشكارا بولغانلىقىدىن قاتتىق تەمتىرىدى. ئەمما، يەنە چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن دېدى:

— مانا ئارتۇقىنى قايتۇرە، ھۇ جازانىخور، - ئۇ يانچۇقىدىن بار - يوقى ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئالدى - دە، ناۋاي ئۇستامنىڭ ئالدىغا ئاتتى. ئەپسۇس، پۇل ناۋاي ئۇستامنىڭ ئالدىغا چۈشمەستىن، لەيلەپ - لەيلەپ بېرىپ ئەمدىلا ئاقىرىپ نان يېقىلىش ئالدىدا تۇرغان تونۇرنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ، بىر قورۇلدى - دە، كۆپ ئوت ئېلىپ كۆيۈپ كەتتى ...

يىگىت «پۇل ... پۇلنى ...» دېگىنىچە تونۇرغا چىدىماسلىق، ئەپسۇسلۇق نەزەرى بىلەن قاراپ كۆزىنى يوغان ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئەتراپتىكىلەر ئەيىبنى يەنىلا تەن ئالماي غۇدۇڭشۇپ كېتىۋاتقان بۇ يىگىتنى تەنە، ھەزىل بىلەن تولغان مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى ...

# ئۆتەڭدىكى قوڭغىراق

ئابدۇللا سۇلايمان

1

ھايات كارۋىنى بارماقتا قۇملۇقتا،
ھەر قەدەمدە تاغ - زور دۆمبەلنى يۆتكەپ.
ئۇ ياق يېشىل دۇنيا، بۇ ياق تىلسىم شەھىرى،
ئالغان ئۇلارنى سەراپ - ئالۋۇن چۈمكەپ.
قامغاقلار ئوينايدۇ قۇيۇنغا ئۇسسۇل،
قاقشال تاشلاندۇقتا قەدىمكى يېزىق.
چېچىلغان كۆكىرىپ داتلاشقان يۇلتۇز،
كىملەردۇر جان بېرىپ ئۆتكۈزگەن تىنىق.
كارۋانلار سېپىدە مىڭ خىياللىقلار،
مال، جاننىڭ قايغۇسى، قىزىقىشمۇ بار.
ئاقارغان ئۇستىخان ياتقان پەسىلكتە،
تەئەججۇپ، ئىزتىراپ، ئېزىقىشمۇ بار.
چاناشلار، يۈكلەردە ھەممىنىڭ رىسقى،
كىمسەردار، كىمسەرۋاز ئوخشاش تەقسىمات.
ئەقىدە ھۆكۈمران بۇ چاققان سەپكە،
لەۋلەر شۇنچە چاڭقاق، دىللار شۇنچە شاد.
ئۇزاپ بارماقتا كارۋان بارخانلار ئېشىپ،
ئاق يول تىلەيدۇ ھەم تىللالىق توغراق.
چىللايدۇ قويىنىغا قۇملۇق خورىزى—
يىراق ئۆتەڭدىكى قۇيما قوڭغۇراق.

2

كېچە، ئۇبىر چۈش كۆردى ئەجەب كارامەت،
ئوتتۇن كولاشقا چىققان جاڭگاللدا يېتىپ.
سەھەر چۈشىدە كۆرگەن تىلسىمغا ماڭدى،
قىرچاڭغۇ ئېشىكىنى ھارۋىغا قېتىپ.
قەلبىدە بىر ئالەم تەشۋىشى تۇرۇپمۇ،
ئاۋۇندۇردى ئۆزىنى بۇ تەۋەككۇلدىن.
ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ باي بولماقچى،
ئاتىلىپ ئەلدە پاراسەتلىك ئوغۇلدىن.
قۇملۇقتا چۈشكەن شۇ ئەگرى-بۈگرى ئىزلار،
پېشانە قورۇقىغا ئوخشىدى ئۇنىڭ.
قۇياشنى ئۇخلاتتى ھەم قىچقىرىپ ئاينى،
قەدىمكى بىر دۆمبەلدە توختىدى ئۇنىڭ.
خىرە نۇر قوينىدا ئۇ دالا چاشقىنى،
كولىدى ئۈمىد، تەشۋىشتە قۇم باغرىنى.
كەتمەن سېپىگە بولغان ھەممە مۇجەسسەم،
ئۇنتۇتقان شۇ تاپ خورجۇندىكى زاغرىنى.
سىرلىق قۇملۇق تىلىدا ئىزگۇ مۇزىكا،
ئىسسىق شامال سوقماقتا تەرگە تەر قوشۇپ.
«گۈپ!» قىلغان بىر ئاۋازدىن ئېچىلغان
تۆشۈك —
يۇتتى ئۇنى، قۇم تىقىلدى ئەجەل توشۇپ.
ئاداققى پەيتتە ئۇ ئاچچىقلا ئېگىردى،
قارىيىپ كۆرۈنەتتى يېقىن ۋە يىراق.
قۇلىقىغا بەك ئاجىز ئاڭلاندى شۇندا،
ئۆتەڭدىكى ئاقساقال چالغان قوڭغۇراق.

3

ئۇ يەنە باردى-باردى كەچ قۇملۇق ساھىلغا،
سۈكۈنات ئىچرە سايىسىغا دەسسەپ.
ئۇ ھېس قىلمايتتى قىلچىلىك قورقۇنچ،
بۇندا بىرەر ئىنسان يۈرمىگەچ قەستلەپ.
جىمجىتلىق قوينىدا ياتقان دېڭىزمۇ،
سوزۇلغانتى ھاردۇق يەتكەن كىشىدەك.
نەمخۇش قىرغاق كۆرۈنەتتى ئاقىرىپ،
گويا يۈلەپ قويغان ھەرە چىشىدەك.
يەرگەندەك دېڭىز قەلبىگە ئويغاقلىق،
يىراق - يىراقنى خىيالەن كېزەتتى.
تېنى تەئەللۇق بولسىمۇ ئۆزىگە،
ھېسسىي- پىكرى ساھىل بويلاپ ئۈزەتتى.
ئىزدەيتتى شاۋقۇندىن خالى بۇ جايدىن،
چۈشىدە كۆرگەن ئاق لىباسلىق قىزنى.

دولقۇن يالاپ ئۆتكەن كۆكۆش قۇملۇقتىن،
بولاتتى كۆرگەندەك ساماۋى ئىزنى.
كەلدى، خىرە پەردىنى قايرىپ بىرسى،
پاختا، ياق، بۇلۇت ئۇستىدە مېڭىپ.
كەلدى، بارلىق، يوقلۇق كېسىشكەن جايدىن-
بىرسى، ۋىسال شادلىقىنى قەلبىگە تېڭىپ.
ئاسمان، دېڭىز گويا ئۇز دېكراتسىيە،
كۆرۈنۈش ئوخشايتتى تىلسىم شەھىرىگە.
ئۇ تەييارلاندى بار قەددىنى رۇسلاپ،
شۇ قىز بىلەن چىقماقچىدەك سەھنىگە.
قول تەڭلەش، ئىنتىلىش پەيتلىرى ئىدى،
ئۇ كۆزدىن بۇ كۆزگە تارتىلغاندا نۇر؛
سەزگۈلەر ھۇجەيرە. قېنىدا تىترەر،
دېڭىز تەمشەلدى يازماق ئۇچۇن قۇر؛
ئاھ! جىملىق بۇزۇلدى شۇ پەيت- شۇ دەقىق،
غايىپ بولدى ئۇ قىز، ۋىسال بەك يىراق.
ئىپادە قىلىپ ئۆركىتىش، ئەپسۇسنى
چېلىندى ئۆتەڭدە بوغۇق قوڭغۇراق.

4

ئۇ تېرە يېپىنغان، بەدىنىدە تۈك،
سالۋاردىغان مويلارنى يۇرەر كۆتۈرۈپ.
ئورمان چېتى، قۇم باغرىدا ئۆيى بار،
ساقلايدۇ چوغنى ھەم كۆمۈپ- ئۆچۈرۈپ.
بۇ خىلۋەت ماكان ئۇنىڭغا بەئەينى،
دوزاخ، جەننەت ئارىلىقىدەك تۇيۇلىدۇ.
بۇ يەردە تالاي ئۆمرىنى يوقاتقان،
تالاي خىيال قەلبىگە قۇيۇلىدۇ.
ئىنسانغا خاستۇر تەسەۋۋۇر، ئىدرىكى،
ئوزۇق ئىزدىشى ئوخشايدۇ ھايۋانغا.
خوشى تۇتسا ھۇۋلايدۇ چىلبۆرىدەك،
ئورمان، قۇملۇقنى كەلتۇرۇپ جەۋلانغا.
قاچان بۇ پىنھان جاينى ماكان ئەتكەن؟
ئۇنى تەڭرى، بىر ئۆزىلا بىلىدۇ.
سىرلىرىنى شىۋىرلايدۇ سەھەر، كەچ،
سىرىنى قىزارغان كۆزىلا بىلىدۇ.
كېلىپ، كېتەر مېھمان پەقەت بىر بۆرە،

ئۆلۈمدىن ساقلىغان ئۇنى شۇ باشتا.
قېتىپ قالغان قاننى يالاپ تازىلىغان،
تەشناسىنى ھەم قاندۇرۇپ كۆز ياشتا.
ياشلار قۇمغا سىڭىپ سارغايتتى قۇمنى،
قان قۇمغا قوشۇلۇپ ياسالدى مونەك.
قەلب جاراھىتىنى ساقايتتى ۋاقىت،
ئېرىدى كۆز يېغى، سەگىدى يۈرەك.
قۇياش يەكاسىمىدى، كەڭلىك بىلدى ئۆز،
ھايات، ئۇمىد ئاتا قىلدى تەبىئەت.
ھايۋان دوستى بىلدى، ئۇ ئاڭا جاندىن،
ئۇلار بەردى ھەممىنى بىلدۈرۈپ شەپقەت.
ئادەمنىڭ رەقىبى بەرھەق ئادەمدۇر،
ئۇ بۇندا يەكۈنلەپ چىقتى ساۋاقنى.
قۇملۇق، ئورمانلىقتا ئىشقىنى بەردى،
سۆيگەندەك ئۇ بۆرە، پالتا، ساداقنى.
ئىنسان، تەبىئەت، ھايۋان دوستلۇقى،
ئۇ جەزم قىلدىكى ياشنايدۇ شۇنداق.
ئاڭا شاھىد بولۇپ بۇگۈنمۇ ياڭرار،
ھايات ئۆتىڭدە زور تۈچ قوڭغۇراق.

5

بىر بايقۇش ئەگرى سايدىن ئەگىپ ئۇچتى،
قامغاقلىق تۆپىلىكنى نىشان ئەتتى.
قاناتلار سايىسىدىن بارخان يىغلار،
جۇپ كۆزنى تورلاشتۇردى ئىسسىق تەپتى.
ئالاڭلاپ تاشلار نىگاھ پەسكە گاھى،
قارابوز تەلپەك ھەرتۈپ قامغاق، سوكسوك.
شاپ تېرىپ يەپ ئوتلىغان شالاڭ قويلار،
ئەندىكەر سايە ئۆتسە، يۈرەك پوك - پوك.
ئايلىنار ئولجىسىدىن قارنى ئاچ قۇش،
ئېچىرقاش جۇپ قاناتقا دەرمان بېرەر.
پەستە — دەل يانباغرىدا ئىككى سەبى،
بوزلۇقتىن پۇچۇق ساپال، داچەن تېرەر.
قويلىرى - قوزىلىرى ئوتلار تاقلاپ،
قىزىلدۇر ئىككىسىنىڭ ئۇستىبېشى.
گاھ كېلەر بىر نۇقتىغا، گاھ يىراقلار،
كۆش رەڭلىك پوسما كىيگەن يۇمران بېشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىشانى بولدى قۇشنىڭ شۇ قىزىللىق،
شۇڭغىدى بار تېنىنى تاشلاپ پەسكە.
قورقۇشتىن تىترەپكەتتى دۆڭلۈك ھەتتا،
قۇتقۇزۇش جاننى چۈشتى بەكمۇ تەسكە.
مۇردىگە، بەلگە ئۆتتى ئۆتكۈر تىرناق،
ئېپقاچتى يەردىن ئۈزۈپ بالىنى قۇش.
قوي-قوزا،شاپ - قامغاقلارسالدىپەرياد،
ھۇۋۇلدى قەيەردىندۇر شۇ چاغ ھۇقۇش.
پاجىئە يەتتى ئۈپۈق گىرۋىكىگە،
ئاڭلىدى بىردەمدىلا يېقىن - يىراق.
قۇملۇق ۋە يېشىللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن،
جىژىلداپ سادا بەردى تۈچ قوڭغۇراق.

6

ئورەك كولىماقتا شېغىللىق سايدىن،
بىلەككە يىغىپ ئوغۇل بار كۈچىنى.
ئىزدىگىنى نېمە، شۇنچە زورۇقۇپ،
كۆممەكچىمىكىن بىرەر يىپ ئۇچىنى.
ئورەك ئۈستىدە بار بىر ئات، بىر موماي،
ئۈن - تىنسىز خۇرسىنىپ تۇرار داڭقېتىپ.
گىياھسىز بۇ سايدا ئوغۇل بىلىگە،
ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قويغان چېتىپ.
كۆزىدىن قۇياش ئاقماقتا ئانىنىڭ،
تاغ تىترىگەندەك تىترەيدۇ يەلكىسى.
لىڭشىتىدۇ ئاق رومالنىڭ بېشىنى،
سەزگەندەك ئارىدىن شۇملۇق شەپىسى.
ئۈچ قەلب، ئۈچ جۈپ كۆز شاھىتلىقىدا،
بەرمەكتە روي بۇندا ئاجايىپ بىر ھال.
سۇر باسقان ئوغۇلنىڭ چىراي، تۇرقىنى،
ئويلايدۇ بۇ يەردىن كېتىشنى دەرھال.
ئىشىنىپ ھەممىگە، چۈشەندى ئانا،
شېغىللىق ئورەككە چۈشتى تارتىشماي.
دېدى: «ئوغلۇم سەنلا خاتىرجەم بولساڭ،
ئىشىڭنى داۋام قىل، نېمىتىڭدىن قايتماي.
جاپا چەكتىڭ سايغا ئېلىپ كەلگۈچە،
قاملاشتۇرۇپ سۆزلەپ ماڭا يالغاننى.
ئېيتىشقا مىندۇرۇپ يېتىلەپ كەلدىڭ،
كۆردۈم مانا ئاخىر سەندىن يانغاننى...».
ئوغۇل ھېچگەپ قىلماي تاشلىدى توپا،
ئورەككە — ئانىسى ئۈستىگە، ھەيھات!
بىردىن بۇ كەڭ ساينى لەرزىگە سېلىپ،
كىشنەپ ھەم يۇلقۇندى باغلاقتىكى ئات.
«ئاھ، بالام!» دەپ ئانا نىدا قىلدى،
سۆرەلدى چىڭىلگەن چۇلۋۇردا ئوغۇل.
سادىقتىن ئۈچقان ئوقتەك چاپماقتا ئات،
قارايغان كەڭلىككە باش ئېلىپ ئۇدۇل.
تاشلار - شېغىللىقتا قان تامچىسى،
ئات كەينىدە بارماقتا تاپ سۆرۈلۈپ.
ئانا ئورەك ئۈستىدە دۇئا قىلدى،
ئوغلى دەردىدە يۈرىكى ئۆرۈلۈپ.
يۈزىنى داغ باسقان ئايمۇ كۆز قىستى،
بۇ قىسمەتنى يازدى بېتىگە تۇپراق.
يىگانە ئانىغا بولغاندەك ھەمراھ،
ئۆتەڭدە چېلىندى يەنە قوڭغۇراق.

7

ئۇ كەلمەكتە شېرىن تۇيغۇغا تولۇپ،
ئايىغى ئاستىدا بەرق ئۇرىدۇ يالپۇزلۇق.
يىراقتا ئالۋۇنلار قىلىدۇ ئىشارەت،
تارتىمسۇن دېگەندەك سەپەردە يالغۇزلۇق.
ئۇ ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ھەممە - ھەممىنى،
يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ بولغان مۇنەججىم.
قانۇن ئۆگەنگەن بولماي دەپ تالان-تاراج،
(يېمەيدۇ ئۇ ئۆمرىدە خورلۇقتىن ۋايىم).
تەبابەت ئىلمىدە ھەم ئاسراپ ئۆزىنى،
بۈگۈنگە ئۇلاشقىنى ياشاش ئۈچۈنلا.
تېنى بىر ئات ئۇنىڭكى، ئۈستىدە ئۆزى،
يۆكلىگەن روھىنى تېنىگە پۈتۈنلا.
بۇ سەپەردە ئۇ قالدۇرماقچى ئىزىنى،
ماڭغىنى يۇمشاق يەر ھەم يۇرمەكتە تاللاپ.
قاتتىق يەرگە ئىز ئاياغ بېسىپ باقمىدى،
(ئۆتىدۇ ئۇندىن گاھى چۆگىلەپ - ياندىاپ).
پاتقاق ئېدىر، توپىلىق يوللارنى كەچتى،
ئۇنۇتۇپ ئاستا - ئاستا نىيەت، ئىقبالىنى،

ئۇچراتتى يولىدا بىر ئاھۇنى باغلاپ —
سۆرەپ ئېلىپ كېلىۋاتقان كاچسەييادنى — چالنى،
بۇ ھالدىن ئۇنىڭ بىردىن بۇزۇلۇپ كۆڭلى،
جۇپ كۆزىدىن ئاققۇزدى تارام - تارام ياش.
دېدى ئۇۋچىغا: «ئىنسان، تەگرىدىن قورققىن،
قويۇۋەت ئۇنى، ئازاب تۇتقۇندا ياشاش.»
سەيياد ئاھۇنى يەشتى تەستە باغلاقتىن،
ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى بىجا كەلتۈرۈپ.
ئاھۇ ئۈمىدلىك بېقىپ كەلدى يېقىنلاپ،
ئاڭا قارىمىدى ئۇ، قوشۇما تۈرۈپ.
ئۇنىڭ بىر تىلىكى بار (ئېسىگە ئالدى)،
ئۇزۇن ساقلانغان مەي - شارابتەك قۇۋۋەتلىك.
داۋام قىلدى يولىنى، يەتمەككە ئاڭا،
قىلىپ ھېس ئۆزىنى شۇنچىلىك قۇدرەتلىك.
ئۈستىدە ھەيھات! (چوقۇنغانتى ئەسلىدە)،
چىقتى ئاخىرى شۇ توپىلىق چوققىغا.
باش ئۇردى ھەم قىبلىگاھ بىلىپ قانچەرەت،
باغلاپ ئۇنى ئۆزىنىڭ بارى - يوقىغا.
قوزغىلىپ قەلبىدە ئوتلۇق ئۈمىد - ئارزۇ،
بۇ چوققىدىن ئۆرلىمەك بولدى يۈكسەككە.
تىل سالدى «نەگە بارا تتىڭ!؟» دەپ تىك قىيا،
ئوخشىتىپ ئۇنى ئەرزىمەس پور كۆتەككە.
ئۇ ئۆمچەيدى چوقۇنۇش پۇشايمىنى يەپ،
قەلب تارىنى قايتا چېكىپ دەرد - پىراق.
ھايات دېمەك ئىنتىلىش دېگەندەك شۇ كەچ،
ئۆتەڭدە جاراڭلىق چېلىندى قوڭغۇراق.
سىرنى بىلدىم دېگەندەك جاراڭلار تاڭ، كەچ،
يىراق ئۆتەڭدە چېلىنغان تۈنچ قوڭغۇراق.

8

چۆلدە يىگانە ئۆي، دەرەخ قورشىغان،
ئالدىدىن چوڭ يول ئۆتىدۇ سوزۇلۇپ.
ياز بۇندا تونۇر تەپتى، ئايازى ئاندىن،
چىقىدۇ بوران، كۈندە ھاۋا بۇزۇلۇپ.
يۈلغۈن ۋادەكلىك ئەشۇ قىسايغان ئۆي،
قونالغۇسىدۇر بىر مويسىپىت چالنىڭ.
چاچ - ساقىلى گويا ئاقارغان ئۈچتەك،
بەستى تەسۋىرىدۇر ئېگىلگەن تالنىڭ.
كىياھسىز بۇ چۆلدە بىرلا يېشىللىق،
دەرەخلەر ئەجدادى بېشىدىن نىشان.
غەم، شادلىق يېشىدا سوغىرىپ شۇنداق،
ئۈمىددىن ئۇ ئۈمىد كۆكلەتكەن ئىنسان.
بىر تال تاش يۆتكەلدى قاچان، قەيەرگە؟
قايسى چاغ سەل كەلدى جىرانى بويلاپ؟
ھەممىنى بەش قولدەك بىلىدۇ بوۋاي،
بۇ چۆلنىڭ ئۈستىدە يۈرىدۇ ئويلاپ.
كولدۇرما ئاسقان كارۋان سىپىنى ئۇ،
زەمزەم، ئىسسىق بېرىپ ئۇزاتقان تالاي.
باشلىغان بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنى ھەم،
تۆگىسىنى يېتىلەپ بولۇپ مالاي.
كەلدى، كېتىشتى شۇ تەرىزدە ئۇلار،
قىرانلىق قالدى شېغىللىق يوللاردا.
كېلىدۇ، كېتىدۇ ئادەملەر يەنە،
نام - نىشان قالدۇرۇپ قاداق قوللاردا.
كارۋاننى ئۇزىتىپ كارۋان كۈتكەندە،
ياشلىققا قايتقاندەك بولىدۇ خۇشال.
كېلىدۇ مۆجىزە، كېتىپ تۇرغاندا،
ئالدىدا تەكرارلىدۇر مۇشۇ بىرلا ھال.
نېمىسى قىزىقتۇردى بۇ يەرنىڭ ئۇنى،
چۆلدە نە ئۈچۈن ئۇ تۇردى خاتىرجەم.
ئۆزىگە ئېيتىدۇ: «ھېچ مەنىسى يوق،
تەڭ بولمىسا تۇرمۇشتا شادلىق ۋە غەم.»
تۇرمۇش شادلىقىدا دىلى ئاۋۇنۇپ،
هاردۇقى چىقىدۇ ھەر كۈن ئاخشىمى.
غەملىرى كۆچ - ئىلھام بېغىشلاپ ئاڭا،
قەلبىدە جۇش ئۇرار ئارزۇ تاشقىنى.
بىرلا غېمى بار شۇ مويسىپىت چالنىڭ،
نە بىر بالىسى يوق، نە بىر تۇغقىنى،
قۇرۇپ دەرەخ، ئۆي بۇزۇلۇپ كېتەرمۇ؟
كۆزىدىن ئۆچكەندە ھايات ئۇچقۇنى.
گاھ نېرىسىغا ئۆتەلمەي شۇ غەمنىڭ،
ياق، دەپمۇ باقىدۇ، دەر يەنە بىراق...
كارۋان يولىغا چىقتى دېگەندەك تاڭ، كەچ،
ئۆتەڭدە چېلىنىدۇ تۈنچ قوڭغۇراق.

# شېئىرلار

ئابدۇرېھىم ژۇنۇن

## كۆل بۆگۆن

هەر قاچان بولماس نېسىپ ھەركىمگە شادلىق، كۆل بۆگۆن.
كۆپ ياياق يۆرگەن تىكەندە، ئەمدى ئاتلىق، كۆل بۆگۆن.

تاشلىدىڭ كۆرەك تۇماق، كونا چاپاننى بىر يولى،
خۇددى تاۋۇس رەڭگىدە بولدۇڭ ساباتلىق، كۆل بۆگۆن.

سالدۇرۇپ دوختۇرخانا، مەكتەپ ۋە كۆۋرۈك ئەل ئۈچۈن،
ئېيلىدىڭ تەنلەرنى ساق، ئەلنى ساۋاتلىق، كۆل بۆگۆن.

بەزىلەر پۇل تاپسا باردى ھەج - تاۋابقا مەككىگە،
سەن بىلىپ ئەلنى ئۇلۇغ بەردىڭ ھاياتلىق، كۆل بۆگۆن.

كېچە - كۈندۈز ۋەسۋەسىگە سالدى ئەل - مىللەت غېمى،
تىركىشىش مەيدانىغا ئۇچتۇڭ قاناتلىق، كۆل بۆگۆن.

باشپاناھ بولدۇڭ ئېلىڭ - مەھەللەڭگە، تارتساڭمۇ جاپا،
يۆكسىلىپ قىلماقچى، قىلدىڭ باي - بىساتلىق، كۆل بۆگۆن.

كىم بېرەلەيدۇ يۆرەكتىن سۇغۇرۇپ خەقلەرگە سېنىت،
سەن تۆمەنلەپ خەجلىدىڭ، سەن ئەرسۇباتلىق، كۆل بۆگۆن.

غۇسسە - غەمسىز شاد ياشاركەن تۇل، يېتىم مەھەللەڭدىكى،
سەن بىلەن بولغاچ ئۇلارمۇ باي، ھىماتلىق، كۆل بۆگۆن.

چاپتى ئۇن يەتتە ماشىناڭ سەپ تۈزۈپ يولدا راۋان،
ئات - ئېشەك مىنمەي داداڭ ئۆتكەن ئۇياتلىق، كۆل بۆگۆن.

ھەممە ئىشتا ھەر قاچان بولدى ساڭا يار غەلىبە - شان،
سەن - پەرىشتە مەرد - سېخى ھەم قۇت - نىجادلىق، كۆل بۆگۆن.

زور پىلانلار بار تېخى ئالىي بىلىم يۇرتى قۇرۇش،
ھەممە ماختاپ دەر سېنى: « ئۇ ئىلتىپاتلىق »، كۆل بۆگۆن.

كونىلار ئېيتقان: كۆرۈنگەن تاغ ئەمەس ئەسلا يىراق...
بولغۇسى ھەل بۇ مۇرادىڭ پاتلا، تاتلىق كۆل بۆگۆن.

كەتتى نامىڭ يەر - جاھانغا ساپ ھاۋادەك تارقىلىپ،
ئەل ئۇنۇتمايدۇ «كېرەم باي» — ياخشى ئاتلىق، كۆل بۆگۆن!!

## ئاچتى سۇبھى نۇرانە چىراي

سۇ باشلىدىم كېچە يېرىمىگە،
بولدى ھەمراھ كۆكتە تولۇنئاي.
تەشناسىغا قانغاندا ئېتىز،
ئاچتى سۇبھى نۇرانە چىراي.

قىز مەڭزىدەك قىزاردى ئۇپۇق،
ئالدى ئاينىڭ ئورنىنى قۇياش.
كۈلدى قەلبىم ئاتەشتەك يېنىپ،
يەر، قۇياشقا بولغاچ تومۇرداش.

«قۇياش!» دېدىم، تېڭىندىم ئاڭا،
يەرگە ئىشلەپ تۆكتۈم ھالال تەر.
قان يۈگۈردى مەڭزىمگە تۇتاش،
پاك ئەجرىمنى قايتۇرغاچقا يەر.

× ×

چىن ۋارىسى بولۇپ ئاتامنىڭ،
يەرگە بەردىم چوڭقۇر مۇھەببەت.
ماڭلىيىمنى سۆيۈپ تۇرسا نۇر،
ئۆلمەس ئادەم قىلغانغا مېھنەت.

## سەھرا گۈزىلى

ئويناپ كەلدىڭ سۇمبۇل چېچىڭنى،
لالە يۈزلۈك سەھرا گۈزىلى.
بىر بېقىشتا ئوت سالدىڭ ماڭا،
پۈتتى يۈرەك سۆيگۈ غەزىلى:

ئەي قىياق قاش، بۇلاق كۆز مېنى،
غۇنچە بويۇڭ قىلدى مەھلىيا.
تۇرۇپ قالدىم چىشلىگەنچە لەۋ،
ئادەممۇ سەن، پەرىمۇ ۋە يا...؟!

يوق چېھرىڭدە پەردازدىن ئەسەر،
گۈل يۈزىڭدە ئوينار نۇر - زىيا.
...كىرپىكىڭدە پىلدىرلىغان چاڭ،
گۈلگە قونغان كېپىنەك گويا.

...........................

قايناق ئېتىز، چېلىش قوينىدا،
كۆردۈم يەنە ئەي ئىشچان پەرى.

خېجىل بولۇپ پاتتى زەر قۇياش،
ئاققاچ پۈتمەي چېكىڭنىڭ تەرى.

نەزەرىمدىن قىلمىدىم يىراق،
مۇڭداشتىم كۆپ سەن بىلەن ئۈنسىز.
ساددە، ئوماق قىلىق، مىجەزىڭ،
يۈرىكىمگە سالدى ئۆچمەس ئىز.

سەھرا قىزى — ئىش - ئەمگەك قىزى،
ھەمراھ ساڭا تاڭنىڭ يۇلتۇزى...
ئۈزۈۋالدىم سېنى دالادىن،
گۈل سىياقىڭ، ھۆسنىڭ گۈل ئۆزى.

سەھرادەك كەڭ، تازا قەلبىڭدە،
بارمۇ ئورۇن كىرسەم گەر ئېقىپ؟!
تىڭشاپ كەلدىم قەلب ناخشاڭنى،
ساپ تەرىڭگە باغرىمنى يېقىپ...

ئاڭلا، پۈتتۈم سۆيگۈ غەزىلى،
ئەي چىرايلىق سەھرا گۈزىلى!

# شېئىرلار

ئابدۇراخمانجان ئابدۇكېرىم

## ئەنھا بوۋاي

پېتمۇاتقان قۇياشقا قاراپ،
ئولتۇرىدۇ تەنھا قېرى چال.
بۇ دەم بوۋاي قەلبىگە تاراپ،
سەيلە قىلار بىر مىسكىن خىيال.

سەيلە قىلار بىر مىسكىن خىيال،
نە ـ نەلەردە بوۋاينى باشلاپ.

خېلى بۇرۇن كەتكەن ئېھتىمال،
شۇ سۆيۈملۈك مومىيى تاشلاپ.

## سەھرا بالىلىرى

شۇنچە سەبىي سەھرا بالىلىرى،
كۆزلىرىدىن بالقىيدۇ قۇياش.
يۈزلىرىدە زىناق خاللىرى،
رىشتى مەڭگۈ سەھراغا تۇتاش.

ئات ئېتىشىپ تال چىۋىقلارنى،
كېيىك كەبى يۈگۈرىشەر ئۇلار.
ياساپ بەزەن لاي ئېرىقلارنى،
شادلىنىشار ئاققاندا سۇلار.

چۆمۈلۈشۈپ زۇمرەت سۇلارغا.
بىر ـ بىرىگە چاچقۇ چېچىشار.

كۆلكە بەرگەن تەڭرى ئۇلارغا،
شوخلۇق قىلىپ كۆلۈپ قېچىشار.

ئوغۇللىرى قاۋۇل ھەم زېرەك،
ھەممە ئىشنى قىلىپ باقىدۇ.
چوڭ بولسام دەپ ئويلايدۇ تېزرەك،
خىيال قۇشى قانات قاقىدۇ.

قىزلىرى پاك بىغۇبار شۇنچە،
جۈپ كۆزلىرى ئوخچىغان بۇلاق.
بويى زىلۋا بەئەينى غۇنچە
سۆيەر دىلىدىن سەھرانى ھەر ۋاخ.

## ئەسرا بولۇپ قاپتۇ ھېسلىرىم

جىمجىت كېچە شۇ خىلۋەت كوچا،
ئىللىققىنا تۇرار جىلمىيىپ.
ئاسفالتسىز يوللىرى توپا،
كونا تاملار قالغان قىڭغىيىپ.

نېمىشقىدۇر خېلىدىن بېرى،
شۇ كوچىنى ئەگىپ يۈرۈيمەن؟
بۇندىن تېزىپ كېتەلمەي نېرى،
بىتاقەت بوپ نېمە كۈتىمەن؟

سوئال سوراپ يۈرۈپ ئۆزۈمدىن،
جاۋابىنى تاپتىم ھەم ئۆزۈم.
مىسكىن شولا چاچقان كۆزۈمدىن،
تويۇۋاپتۇ سەزگۈر يۈرىكىم.

ئەسرا بولۇپ قاپتۇ ھېسلىرىم،
يالقۇنجىغان تەلۋە سۆيگۈگە.
تەڭكەش بولۇپ سوقار يۈرىكىم،
«سۆيگۈ» ئاتلىق بىر لەزىز كۈيگە...

◁**************************▷

# يول

### بارات ئىمىن

مۇشۇ يولدىن تالاي ئۆتكەنمەن،
ماڭماق بەك تەس ھېرىپ كەتكەنمەن.
ئىككى كۈنلۈك مەنزىلگە بەش كۈن،
يۈرۈپ ئاران تەستە يەتكەنمەن.

كاتاك تولا، كاھى پاتقاقلىق،
كاھى قومۇش، كاھى يانتاقلىق.
سېسىقچىلىق دېمىڭنى كېسەر،
مەينەتچىلىك تولغان ئازگاللىق.

«پاياندار» تېمىسىغا يېزىلغان ئەسەر

باغلىغاندەك دۇتارغا پەدە،
يول ئۈستىدە ئېرىق ھەر يەردە.
ئاتلايمەن دەپ يىقىلغان نەچچە،
تاپالماستىن ئامال ھېچيەردە.

غىچىر - غىچىر يارىيار ھارۋام،
يول مېڭىشنى قىلالماي داۋام.
چاقى سۇنۇپ بىرەلمەي پايەك،
مالۇ - مۈلكۈم بولغانتى ھارام.

چاپچىپ تۇرغان توسۇن - ياش ئاتمۇ،
تۇلپار كەبى چاپقان شاش ئاتمۇ؛
قانچە ئۇرۇپ باقسام قامچىلاپ،
چىقالمىغان بۇ يولدىن پاتمۇ.

كۆرۈك تېخى بۇ يولدا كىشى،
كېچە قالسا چىقىپ بىر ئىشى.
بۇلاڭچىسى ئىدى بەك يامان،
چېقىلاتتى ناھەقتىن بېشى.

«قانچە بولسا كۆرنىڭ ئازابى،
شۇنچە قاتتىق يولنىڭ ئازابى.»
دېگەن سۆزگە ھازىر باشقىچە،
تەبىر بىرەر قەلبىم جاۋابى.

ئەمدى ئۇنداق يولدىن ئەسەر يوق،
يېڭىلاندى، كەتتى بەدەر يوق.
قانچە ماڭساق داغدام مەنزىلگە،
ئاپىرىدۇ ھېچبىر خەتەر يوق.

ئىككى يېقى باغۇ گۈلىستان،
ھەم يېتىشكەن ياڭاق، تال بوستان.
بوستانلاردا كاككۇك ئاۋازى،
تاڭدا قۇشلار ئۇرىدۇ خەندان.

قاتناش راۋان - يوقتۇر رىيازەت،
ھېرىپ - چارچاش ھەمدە مۇشەققەت.
ماشىنىلار كېچە - كۈندۈزى،
ئۈزۈلمەيدۇ بۇ يولدا پەقەت.

بۇ مەنزىلدىن ئۇ مەنزىلگىچە،
ئاسفالتلىق بېرىپ يەتكىچە.
ئارامبەخش سەيلىگاھ گويا،
زوق بېغىشلار ماڭساڭ قانغىچە.

بۇرۇن بۇندىن تالاي ئۆتكەنمەن،
مېڭىش قىيىن ھېرىپ كەتكەنمەن.
ئەمدىلىكتە بۇ يول بەك راۋان،
مۇرادىمغا تامام يەتكەنمەن.

••••••••••••••◁ × ▷••••••••••••••

# شېئىرلار

### ئۆمەرجان توختىروزى

## ساۋاقدىشىمغا

ئېسىڭدىمۇ ئۇچۇش ئالدىدا،
پەر ئۇشلىغان قۇشتەك چېغىمىز.
ئەقىل ئۇرغۇپ، تاشقىنلاپ تۇرغان،
ئاشۇ گۈزەل چۈشتەك چېغىمىز.
ھەر لەھزىمىز ئىدى تاماشا،
ر كۈنىمىز ئىدى بىر ناخشا.

تۈشمۇ تۈشتىن ئېقىپ بۇلاقتەك،
ھاسىل قىلغانىدۇق بىر ئېقىن.
ئارىمىزدا يوق ھېچ ياتسىنىش،
كەچۈرۈش كۆپ، رەنجىش ئاز لېكىن.
تۈشمۇ تۈشتىن كەلسەكمۇ لېكىن،
ئۆتكەنىدۇق تۇغقاندەك يېقىن.

دەرس كەچكى ئۆگىنىش دېگەن،
ئويۇن كەبى ئىمدى كۆڭۈللۈك.
ئۇستازلارنىڭ ئىللىق نىگاھى،
ئاھ، نەقەدەر ئىمدى سۆيۈملۈك.
بىرەر ئىمدى بى مىننەت زەمزەم،
سۈمۈرەتتۇق ئىنماي دەمـمـۇ دەم.

ئاخشاملىرى چىقساق، پىننىپتىن،
ئاخشىمىزدىن تېترەپ كارىدۇر،
تېپچەكلىگەن ياشلىق ھېسسىمىز،
ياڭرار ئىمدى بولۇپ گۈزەل خور.
كېيىن ئۇنداق پەيزى ئاخشىمنى،
ئاڭلىمىدىم ھېچ بىر ئاخشىمى.

ياتاقلاردا، ئۇخلاش ئالدىدا،
مولاھىزە قايناپ بىر ھازا.
باشلىناتتى تۈرلۈك دە تالاش،
كېتەر ئىمدۇق قىزىشىپ تازا.
يېتىپ، چۆچەك ئېيتىشساق ئاخىر،
«ئۇخلاش!» دەيتتى نۆۋەتچى تاھىر.

كېچە كۆرگەن چۈشلىرىمىزنى،
ئېيتىشاتتۇق، ئويغىنىپ سەھەر.
ئاندىن جۈپ ـ جۈپ سەينا كېزەتتۇق،
قولىمىزغا ئېلىشىپ دەپتەر.
باشلىناتتى دائىم بىز ئۈچۈن،
ئەنە شۇنداق قۇتلۇق يېڭى كۈن.

خۇش دېمەستىن شۇ گۈزەل كۈنلەر،
ئۇزاپ بارار چىقارماي ئۈنلەر،
ساۋاقدىشىم شۇ كۈنلەر ئويى،
ماڭا ھەمراھ بولۇپ كۈن بويى.
گاھى ئېزىپ، گاھى كۈلدۈرەر،
كۆڭلۈمدە كۆپ ئارمان ئۈندۈرەر.

## ياشارغان تۇۋرۇك

(مەسەل)

ياغاچلارنى يىغمتتۇق كېسىپ،
ئاندىن چاتتۇق يونۇپ ـ تەكشىلەپ.
يۆلەشتۇردۇق ئىشىك ئالدىغا،
شاخ ـ پاخالنى باستۇق ئۇستىلەپ.

ۋايىم يېدۇق، ياز ياغمۇرىدىن،
توپا بىلەن كۆمدۇق ئۇستىنى.
ياسالدى بىر ئوبدان پېشايۋان،
ئاچتى ھويلىمىزام ھۆسنىنى.

كىم ئويلىغان، لېكىن كېلىپ ياز،
ئىككى تۇۋرۇك ياشاردى ياندىن.
كۈلۈپ تۇرار يېشىل نوتىسى،
نىشان بېرىپ ھاياتلىق ـ جاندىن.

نەزەر سالسام، شۇنچە ئېغىر يۈك،
بېسىپ تۇرار كۆۋرۈك بېشىدىن.
كۆۋرۈك ئۆزرە چاتما ياغاچلار،
تۇتقان ئەمما ئەجەل پېشىدىن.

كۆۋرۈكلەرگە نەدىن پۈتتى كۈچ؟
ئويلار ئىدىم مۇشۇ توغرىدا.
بىردىن كۆردۈم تۇۋرۇك ئايىغى—
تۇرار ئانا يەرنىڭ باغرىدا.

ئانا تۇپراق، شۇ ئانا تۇپراق،
ئاڭا قايتا بېغىشلاپتۇ جان.
خورلۇق تېشى باسسىمۇ باشتىن،
ئۆز يېرىدە كۆكلەر ھەم ئىنسان.

## كۆكلەمنىڭ دوستى

مەھەللىمىزگە يەتتى قەدىمى،
كۆكلەم ئاتلىق ئەزىز مېھمانىنىڭ.
ئېلىپ كەپتۇ جان ئارامىنى،
مەھەللىمىزگە دوستى دېھقانىنىڭ.

دېھقان چىقتى ئۇنىڭ ئالدىغا،
چاپان سېلىپ ھەممىدىن بۇرۇن.
مەرھابا! دەپ باشلاپ ئاتا يول،
كۆرسەتتى باغ، قىرلاردىن ئورۇن.

دېھقان ئەمدى پەرۋىشكە ئېلىپ،
كۆكلەم ئاستا يېتەر ۋايىغا.

يېشىللىقتا تولۇپ ھەممە يەر،
يېڭى ھۆسن كىرەر ۋادىغا.

كۆكلەم يېتىپ ۋايىغا شۇ ئان،
سۇنار دېھقان ئۇچۇن نېمەتلەر.
كېيىن كەچكۈز ئەيلىسە، خازان،
يەنە دېھقان يىغار - ئىززەتلەر.

دېھقان دوستى يېشىل كۆكلەمنىڭ،
دوستى ئانا تەبىئەتنىڭ ھەم.
ھايات ئىشقى، گۈزەللىك ئىشقى،
بۇ ئۈچ دوستنى باغلىغان مەھكەم.

~~~~~~~~◁ × ▷~~~~~~

## بىزنىڭ تىلەك

**نۇرسىمان ئابدۇقادىر**

تال ئاستىدا مۈگلۈق شىلدىرلاپ،
زىلال سۇلار ئەزدى يۈرەكنى.
ئويلاپ قالدىم ئاشۇ دەقىقە،
بىللە ئارزۇ قىلغان تىلەكنى.

ئېقىنلارغا قوشۇلۇپ بىللە،
ئاقساق دېدۇق چەكسىز دېڭىزدا.
يۇيۇلۇپ بىز ئۇندا بەھوزۇر،
پاك، غۇبارسىز بولساقكەن تېزلا.

ئانا يەرنى باغاشلاپ مەھكەم،
مېھرىمىزدىن ھاياتلىق بەرسەك.
كەڭ زېمىنغا پاكلىق ئاتا قىپ،
نەبىر ئارمان يەرگە كۆمۈلسەك...

بىراق ھازىر يىگانە ئۆزۈم،
ئۇرۇلدۇم زور دولقۇنغا دەھشەت.
سەن شۇ «پاكلىق» تىلەكلىرىڭدىن،
تاپتىڭ تېزلا ئۆزگىچە لەززەت.

◁~~~~~~~~~~~~~~▷

## سۇبھى پەيتى

**مىرجان مەتتوختى**

سۇبھى باشلاپ كەلسە سەھەرنى،
كۈلەر كۆكتە نۇرلىنىپ قۇياش.
مەيىن سابا تارقىتىپ خۇشھىد،
مەستخۇش ئېتەر دىماقنى تۇتاش.

سۇبھى باشلاپ كېلەر قۇياشنى،
كائىناتقا تۆكۈپ نۇر - زىيا.
ئاھ، شۇ پەيتتە تەبىئەت ھۆسنى،
گۈزەل قىزدەك بوپ كېتەر گويا...
~~~~~~~~

## تاڭ شامىلى ئەلچىمۇ سېنىڭ

### ئابدۇقادىر مەتسەيدى

تاڭ سەھەردە دېرىزە چېكىپ،
ئۆتەر ھەر كۈن سەلكىن شامىلار.
شوخ شامالغا سىڭىشكەن ھىدىڭ،
ئويغىتىدۇ شېرىن خىيالار.

تاڭ شامىلى ئەلچىمۇ سېنىڭ،
نېچۈن پەردەم قايرىلار دائىم؟

ياكى ئۆزۈڭ شوخ شامال بولۇپ،
مېنى ئەگىپ يۈرەمسەن ئايىم؟

بولدى ئەمدى، پەردەم قايرىما،
رۇجەكلەردىن مارايمۇ يۈرمە.
ساڭا قەلب ئىشىكىم ئوچۇق،
ساداقەتتە ياشايلى بىرگە.

## تەبەسسۇم ئەيلىگىن، ئەمما بىرلا رەت

### ئۆمەرجان قاسىم

سەھەرنىڭ كۆكسىدىن كەلمەكتە ئۇچۇپ،
يۈرەكنى بوشقىنا چەككۈچى ساباھ.
ئۇپۇقنىڭ لېۋىدە كۆكلىگەن چۈشلەر،
قورشىدى بىرسىنى چەمبەرلەر ئارا.

ھېكمىتىڭ گۈللەرگە قونماقتا بىلسەڭ،
ھەقلىقسەن ئەقلىمنى قىلىشقا ھەم لال.

كۈزۈرۈڭ ئەمەستۇر دەيمەن دەرد چېكىپ،
ئۆزۈڭنى يوپۇتۇپ قىلغاندا مالال.

يوپۇتقىن مەيلى دەي (ئۆزۈڭنىڭ ئەركى)،
تەبەسسۇم ئەيلىگىن ئەمما بىرلا رەت.
قىلمىسام سۆز ياكى، بولمىسام غەيرى،
كۈپايە ئەمەسمۇ شۇ دەقىق پۇرسەت.

## ئاق كېچە

### ئوبۇلھەسەن سىدىق

ئاپئاق كېچە كۈي تىڭشىساڭ دالىدا،
شىۋىرلايدۇ ئاي نۇرىغا شوخ بۇلاق.
كۈمۈش لىنتا يالتىرايدۇ ئۇپۇقتا،
گۈلباغلاردىن ئۇچۇپ كېلەر خۇش پۇراق.

قۇلاق سالساڭ ئاڭلىنىدۇ يىراقتىن،
يۈرىكىڭنى ئۆرتەپ ۋىسال ناخشىسى.
تومۇرىدا كەۋسەر ئاققان چۆللەرنىڭ،
شۇ بۇلاقتا چېگىملىگەچ دىل رىشتىسى.




(هېكايە)

**يۇسۇپ توختى**

كېچىچە ئېزىپ قالغان يولۇچىدەك،
دەمىسۇ دەم، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى زې-
رىكمەي قېقىپ چىققان بوران تاڭغا يې-
قىن تىندى. بوران ئۆگزىدىكى قالدى ـ
قاتتىلارنى تاشلاپ، هويلىنى ئەسكى ـ
تۈسكى نەرسىلەر بىلەن تولدۇرغانىدى
(هە، قاچانغىچە شۇ نەرسىلەر بىلەن هە-
لەك بولار، كىشى). ئاخىر، توپا ـ توزان-
غا مېلىنىپ، قالايمىقان ياتقان نەرسى-
لەرنى تۈزەشكە كىرىشتىم. كۈتۈلمىگەندە،
ئانچە چوڭ بولمىغان، لاتا ـ پۇتىلار بى-
لەن ئورالغان خېلىلا ئېغىر بىر بوخچا
قولۇمغا چىقىپ قالدى. يۇمشاق بىر نەر-
سە باردەك قىلاتتى. پاق ـ پۇق قېلىپ،
ئۇيەر ـ بۇيېرىنى قاققان بولدۇم. ئېرد-
ىنىپقىنا تۈگۈنچەكنى يېشىۋېتىپ، ئۇنىڭ-
دىكى كالاچقا كۆزۈم چۈشتى، قوللىرىمغا
ئېلىپ قاراپ كېتىپتىمەن: كالاچنىڭ چەم،
چەت ـ ياقىلىرى تۆت ـ بەش يىل كىيى-
لىپ، سۇرمەل بولۇپ كەتكەن، نېپىزلى-
شىپ، ئۈچ ـ تۆت يېرى تېشىلگەن، بىر
نەچچە يېرى ئاق ۋە قارا يىپلار بىلەن،
بىر يېرى چىگە شوينا بىلەن چىرماپ ـ
ياماlغان، قەغەزدەك يۇمشاپ، ئۆگۈپ ـ
ئاقىرىپ، ئارانىلا قالغانىدى. كۆڭلۈم
بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. بىردەم هەممە
نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆر-
تەندىم.
بۇ مېنىڭ رەهمەتلىك ئانام بۇيەردىن
بىر كۈنلۈك نېرىدىكى بوز يەردە كىيىپ
يۈرگەن يالداما كالاچ ئىدى. بۇندىن يىگىرمە
يىل بۇرۇنقى كالاچ، هازىرغىچە، مۇشۇ
جاهاندا، مېنىڭ يېنىمدىلا تۇرۇپتۇ. كۆڭ-
لۈم غەش بولۇپ، ئىش ـ پىشلىرىمنى قو-
يۇپ، كالاچنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردىم.
قولۇم ئىشقا بارمايتتى. جىمجىت ئول-
تۇرۇپ كەتتىم. شۇ ئەسنادا باللىرىم
چۇرۇقلىشىپ كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ

ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق، بىرسى بىر يېنىمغا، يەنە بىرى بىر يېنىمغا ئولتۇرۇۋېلىپ، بۇدرۇق قوللىرىنى بوينۇمغا تاشلاپ، سۆيۈپلا كېتىشتى.

بالىلار، ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئورۇنداپ، مەزىلىك، پۇرىقى ئۆيىنى بىر ئالغان ئاپئاق پاكىز تەخسىلەردىكى لەغمەنلەرنى ئالدىغا تارتىپ، گۆشلەرنىڭ تاتلىق تەمىدىن كۆزلىرى خۇمارلىشىپ قالغانىدى. مېنىڭ بولسا، گېلىمغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك، ئاشتىن رايىم يېنىپ، ئانامنىڭ غەمكىن، نۇرلۇق چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇۋالاتتى. بالىلىرىم چىرايىمدىكى غەلىتە بىئاراملىقنى سەزگەندەك، جىم بولۇپ قېلىشتى. قىزىم ھە دەپ مېنى تاماق يېيىشكە زورلايتتى. ئۇنىڭ كىرپىكلەر يېپىۋالغان قارا كۆزلىرى مۆلايىملىشىپ، ماڭا تىكىلىپلا قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېلىپ، يۈز - كۆزلىرىدىن سۆيۈپ، باغرىمغا باستىم. دۇنيادا، بۇنىڭدىن تاتلىق يەنە نېمە بولۇشى مۇمكىن!؟ يۈرىكىم ئاغرىپ، بالىنى ئاستا قويدۇم - دە، ئاشنى خالار - خالىماس قولۇمغا ئالغان بولدۇم.

... كۆڭۈلسىز كەچكۈز كېچىلىرىنىڭ بىرى، تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەن چاغدا، كىمدۇر بىرىنىڭ دەرۋازىنى ئاۋايلاپ، ئاستا قېقىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئەندىشە بىلەن ئورنىمدىن تۇرۇپ، جۇۋىنى ئۈستەمگە تاشلىدىم - دە، دەرۋازىغا قاراپ ماڭدىم. زەنجىرىنى چۈشۈرۈپ، ئىشىكنى ئېچىشىمغا غۇۋا قاراڭغۇدا، بېشىغا ئاق نېپىز ياغلىق ئورىۋالغان، ئۈستىگە ئۇزۇن كېلەڭسىز چاپان، پۇتىغا يوغان ئۆتۈك كىيىۋالغان بىچارە، غېرىب ئانام بويىنىنى قىسىپ قاراپ تۇراتتى، ئانام ماڭا:

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ بالام؟ دېگەن سۆزنىلا دېيەلىدى. ئۇ بەكمۇ چارچاپ ۋە ھېرىپ كەتكەنىدى. يېشى يەتمىشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ياشانغان دېھقان ئايال ئۈچۈن، شۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئوغلىنى دەپ، ئادەمسىز چۆل يولىغا چىقىش، تىرىكچىلىك دەردىدە يۈرگەن، يالغۇز ئوغلى ئۈچۈن پەرۋانە بولۇپ، قازاغا تەۋەككۈل قىلىپ ئوتقا ئۆزىنى تۇتقانلىق ئىدى. مەن دەرۋازىنى كېرىپ قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، ئانامنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىۋېدىم، ئۇ:

— ئوتۇنلارنى ئەكىرىۋېلىپ، ئاندىن...

ئۇ، گەپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتماي يلا، قاراڭغۇ، تار كوچىنىڭ بېشىغا، ئوتۇن ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى، ئۇنىڭ سۆزى ئۆتۈنۈشلۈك، بەكمۇ ھارغىن ئىدى.

ئاھ! ئانىلار ئۈچۈن پەرزەنت بەختىدىن ئارتۇق يەنە قانداق بەخت بولۇشى مۇمكىن. يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلغان، كېلەڭسىز يۇلغۇن كۆتەكلىرى ئەكىرىشكە ئەپسىز ئىدى. مىڭبىر جاپادا ئوتۇنلار توشۇلۇپ بولدى.

... شۇنداق، بىچارە ئانام مېنىلا ئويلايتتى، چۈشلىرىدە مېنىلا كۆرەتتى، يالغۇز ئولتۇرۇپ، غېرىب بولغان چاغلىرىدا، قەيەردىن كېلەركىن دەپ يولۇمغا قارايتتى. ئۇزاقتىن، كىملەرنىدۇر ماڭا ئوخشىتىپ، بىر دەمگە بولسىمۇ، جېنى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئېتىزلاردا يالغۇز قېلىپ، تەرلەپ - پىشقاندا ئاپتاپتىن قاغجىراپ كەتكەن توغراق، يا بولمىسا ئۇسسۇزلۇقتىن يەرگە چاپلىشىپ قالغان سايىسىز يۇلغۇننىڭ تۈۋىنى پاناھ تارتىپ، ئولتۇرۇپ - ئولتۇرۇپ مېنى ئويلاپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلايتتى... بوز يەر

كۆپىنچە چۆلگە تۇتاش كېلىدۇ.
. هاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن، چۆل ـ
نىڭ ئېرىقى تەرىپىدە، ئاسمانىنىڭ يەرگە
تېگىپ تۇرغان يېرىدە، ۋىل ـ ۋىل قىلىپ،
سايىنىڭ بۇ تەرىپىگە قاراپ، بىر تەكشى
يېيىلىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان سەراپ سۇ ـ
يى ئانامنىڭ كۆزلىرىگە كېلىپ تىنىپ
توختاپ قالاتتى...
قۇمغا پېتىپ قالغان، كۆلەڭگىلەر قىپ ـ
چىپ ئاپئاپ يەلكىلەرنى ئېچىشتۇرغاندا،
سالمىلار چىمچىلاقلارنى چىشلەپ تارتقى ـ
نىدىن كېيىن ئويغىنىپ، بىردەم ھاڭقىيىپ
قالغان ئانام، ئېغىر چۇشتىن قاتتىق خور ـ
سىنىپ، ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالاتتى. شۇچاغ ـ
دا ساي شامىلى قەيەردىندۇر قىايىسىنىر
قۇشنىڭ يېقىملىق، ئەمما بەكمۇ مۇڭلۇق
نالە ـ زارىنى ئېلىپ كېلەتتى ـ دە، ئۇنىڭ ـ
سىزمۇ ئاغرىپ تۇرغان يۈرەكنى زېدە قىد ـ
لاتتى... قانداق يالغۇزلۇق بۇ، ئۇنىڭ
خىيالى ھېچيەرگە يەتمەيتتى، شۇنداق
چاغلاردا، خۇددى مۆجىزىدەك، ئالدىدىكى
دۆڭلۈكتىن، شاخ ـ شۇمبىلارنى يېرىپ،
چۇشۇپ كەلسە؟! ئۇ، ئۆزىنى بەيتۇللاھە ـ
رەمگە بارغاندەك ھېس قىلاتتىمىكىن...
بىچارە ئانام، مېنىڭ غېمىمدىلا يۈرەت ـ
تى! قىش كەلسە، شۇ ئۇزاق چۆلدىن
نەچچە قېتىملاپ، يېلىنىڭ ـ يالىڭاچ، ئاچ ـ
توق يۈرۈپ، ئوتۇن ـ شاخ ئېلىپ كې ـ
لەتتى، كېلىپلا ئارام ئېلىپ ـ ئالماي،
كېچە ـ كۈندۈز دىمەي يولغا چىقىپ كې ـ
تەتتى. يىغلا ـ يىغلا ھارۋا ئىنىكلىرىگە
يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، يىللىق تەقسىماتتا بې ـ
رىش ۋەدىسى بىلەن ھارۋىنى ھەل قىلغان
بولاتتى.
شۇ ئاخشىمى، ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن
ئانام ئۇچۇن داستىخانغا نېمە ئېلىپ چى ـ
قارىمنى بىلمەيتتىم، بىرەر چىشلەم نانغا
چاغلىق ئېغىزنى مىدىرلىتىدىغان ھېچنەر ـ
سە يوق ئىدى. شۇ بىر ئىش ھامان مېنى
ئازابلايدۇ، ئېچىندۇرىدۇ. ئاخىر، ئانام
تىرىكلىك نىشانىسى سۈپىتىدە ئېلىپ كەل ـ
گەن بىر نەرسىنى ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن
يېشىشكە باشلىدى، شۇ نەرسىنى ماڭا بې ـ
رەلمەي، تەڭلىكتە قالغان بولسا كېرەك،
بەكمۇ خىجىل بولۇپ، قولۇمغا ئۇزاتتى.
ئۇ بىر تۇخۇم، پەقەت بىرلا تۇخۇم ئىدى
(توۋا خۇدايىم، مېنىڭ كاج تەلىيىمگە،
كەپتەرنىڭ تۇخۇمىدەك، كىچىككىنە تۇخۇم،
تېخىمۇ كىچىكلىشىپ، قوقاستا قورۇلۇپ،
قېتىپ كەتكەنىدى). داندىن قىسىلىۋاتقان
توخۇلاردىن كۆكۈل ئاغرىتىپ بولاتتىمۇ،
ھېلىمۇ، چىشىڭنىڭ كاۋىكىغا كىرگىدەك بىر
نەرسە چىقىرىپتۇ ـ دە، شۇ خامان ۋەساك ـ
لاردىكى شۇنچە كۆپ ئاشلىقتىن بىرەرپې ـ
رىمىتە دان شۇ توخۇنىڭ ئاچ پوكـۇنىغا
نېمىشقا ئۇچراپ قالمىدىكىن؟
كانايلار ۋارقىراپ، توقلۇق ھەققىدە
جاھانغا جار سېلىۋاتماىدۇ، ياق، توخۇلار
بەلكىم، شۇ تۆكۈلۈپ ياتقان دانلارنى كۆر ـ
مەي قالغاندۇ، توخۇ ئەمەسمۇ!...
ئادەملەر شۈكرى ـ قانائەت قىلىپ،
ئاچ قورساق كۈن ئۆتكۈزۈپ، يوقنى ئويـ
لىمايدىغان، بارغا دۇئا قىلىپ، ئاللاغا
سېغىنىدىغان شۇ كۈنلەردە، مېنىڭمۇ تازا
سېرىقتال كۈن كۆچۈرۈپ يۈرگەن مەزگىل ـ
لىرىم بولۇپ، چىرايىم سولغۇن، ئوقۇت ـ
قۇچىلىق بىلەن تاپقان پۇلۇم بەكمۇ ئاز،
ئىنىشتىھايىم سازئىدى. ئۇ ئايدىن بۇ ئاي ـ
غىچە پۇلنىڭ يانچۇقۇمدىن قانداق غا ـ
يىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالات ـ
تىم. قانچە چىڭ تۇتۇپمۇ، ئالغان نەر ـ
سىنىڭ تايىنى يوق، قويىنۇمدا قاتتىق

زاغرا، ئىچىشىم ئېرىق سۈيى، يۈز سۆڭەكلىرىم گىردىيىپ چىققان، كۆزلىرىم بولسا يېغى تۈگەپ قېلىۋاتقان سۇس جىن چىرىغىدەك ئاجىز، ھەر ھالدا پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئانام گەپ-سۆز قىلمىسىمۇ، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇراتتى. بېشىمنى ھەمىشە غەم-تەشۋىش ئوراپ تۇراتتى. ئۆيۈمدىن شامال ھۇۋلايتتى...

شۇ كېچىدە، بىز مۇئارتۇق گەپلەشمەي، ئاستا-ئاستا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئانام بولسا ئاچلىقىچە، مەن بولسام ئىچ-ئىچىمدىن تىترەپ چىققان ئۇيقۇسىز بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەنىدۇق... شۇ بىر كېچىنى قاچان بولمىسۇن ئۇنتالماسلىق بىلەن ھەمىشە ئازابلىنىمەن...

مەن شۇ كېچىسى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، شۇ بىر توخۇمنى ئويلاپ، زادىلا ئۇخلىيالمايتتىم. ئوغرىلىق قىلىپ بولسىمۇ، ئانامغا بىر نەرسە ئەكېلىپ بەرگەن بولسامغۇ مۇنچىلىك ئازابلىق ھالغا قالماس ئىدىم.

سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئانام ئۆز ئادىتى بويىچە جايىنامازدىن چۈشۈپ ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بەكمۇ ياداڭغۇ چىرايى، ياغلىقلىرى تېگىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق چاچلىرى مېنى ئەندىشىگە سالاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئانام ھېچ ئىش بولمىغاندەك، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئانام ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ كېلىپ، تۇنۇگۇنلا يىراق بىر جايدىكى (ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ئۇخلاپ ماڭغاندا، ياتار مەھەللىگە بارغىلى بولىدىغان جاي ئىدى) ئۇستەڭدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، بۈگۈن چۈشكىچە ئەترەتتىن رۇخسەت ئالغانلىقىنى، ۋاقتىم يەتكەندە ئانام تۇرغان جايلارغا بېرىپ، بىرەر يېرىم كۈن تۇرۇپ كېلىشىمنى ئۆتۈندى. ئانىلار ئۆز پەرزەنتىنى بېقىش يولىدا دۇنيادىكى بار جاپالارنىڭ ھەممىسىنى تارتىشقا رازى، كۆيۈپ، كۈل بولۇپ كەتسىمۇ، بالا دەردىدە يانىدۇ، ياشايدۇ...

مانا، ئانامنىڭ بىر چىرايلىق يۈزلىرىنىڭ قېنى قاچقان، قوللىرى قېتىپ، قوۋزاقتەكلا بولۇپ قالغان... پەقەت ئورۇق ئالقانلىرىنىڭ كەينىدىكى كۆك تومۇر كۆڭۈلنى ئاللىقانداق ئويغا سالىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ كۆزلىرى، كۆزلىرىلا شەپقەت بىلەن يېنىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ... ئانام كۆڭلى زىل، غېرىبسىنىپ قارايدىغان، مېھرىبان-مۇلايىم، بۇغداي ئۆڭ، دىلىنىڭ ئازار يېيىشىدىن بەكمۇ قورقىدىغان ياۋاش ئايال ئىدى. جەۋرى-جاپادىن غىڭشىمايتتى، ئېغىر كۈنلەردە سەۋرى-تاقەتلىك ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل مىجەزىگە بەكمۇ ھەيران ئىدىم.

ئېيتقاندەك، شۇ يىلى زېمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەنمۇ شۇ ئانامنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى بىلىپ كېلىش نىيىتىدە، بايراق تۇغقانلىرىمىزدىن بىرىنىڭ ھارۋىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتىم. سۇر، جۇغى كىچىك، بېزەك ھاڭگا، قانچە قىلغان بىلەنمۇ، ئۆز كېڭىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىر خىلدا بەكمۇ ئاستا ئېرىنىپ قەدەم تاشلايتتى، ئادەمنىڭ تىت-تىت بولۇشى بىلەن، ھايت-ھۇيتلارغىمۇ پەرۋا قىلمايتتى. ئاخىرى، مەنمۇ زېرىكىپ، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتىم. مېنىڭ كارىم بولمىغانلىقىنى بىلىپ قالغان ھاڭگا، يولنىڭ يان تەرىپىگە چىقىۋېلىپ،

قۇلاقلىرىنى تاشلاپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ
ئىش قىلىپ مىدىرلاپ كېتىپ باراتتى ...
ئۇدۇلىمىزدىن ھارۋىلار كېلىپ قالسا زەن
سالمايتتى ، ئەمما ، ئارقا تەرەپتىن
كەلگەنلىرىگە بولسا قىزغىنىپ ، ئۆز يو-
لىنى بەرمەسلىك كويىداقۇلاقلىرىنى كۆ-
تۈرۈپ ، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن
ھاڭراپ قويغان بولاتتى .
قىشنىڭ كۈنى بىر تۇتام دېگەنىدەك ،
بىردەمدىلا قۇياش تىك كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋا
بىر ئاز ئىللىپ، تاياقتەك قېتىپ كەتكەن
پۇت- قوللىرىم يۇمشىدى . كۈن نۇرىدىن
قېلىن ياققان قارنىڭ يۈزى ئالماستەك
پارقىراپ ، كۆزگە سانجىلاتتى
ۋە كىشىگە بىر يېنىكلىك
ئاسايىشلىق بېغىشلايتتى.
پېشىنگە يېقىن، يولنىڭ سول تەرىپە-
دە، مىدىرلىشىپ يۈرگەن قارا - قۇرا بىر
نەرسىلەرنى كۆزۈم ئىلغا قىلىشقا باشلى-
دى، لېكىن شۇ يەرگىچە يول خېلىلا ئۇ-
زۇن ئىدى. ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا ھار-
ۋا پات - پات تەۋرىنىپ، قىرلىق تاشلار
ھارۋىنى قاتتىق سىلكىيتتى. يول تويۇق-
سىز تۆۋەنگە پەسلەپ، ھارۋا ئىتتىكلەپ
كەتتى، چاقمۇ، ھاڭگىمۇ ھېچ زورۇقمايلا،
قىرىق-ئەللىك قەدەم يەرگىچە، ئۆزلۈكى-
دىن غىلدىرلاپ كەتتى، بۇ ئۆستەڭنىڭ
ئوڭ تەرىپى بولۇپ، ئۆستەڭ ئىچى قىر -
غاقتىن قارىغاندا ناھايىتى چوڭ ئىدى.
ئۆستەڭنىڭ سول قېشى بولسا، سۇنىڭ يا-
لىشى بىلەن بوش قۇم - توپىلار ئۆستەڭ
ئىچىگە گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، ناھايىتى
چوڭ بىر كۆلنى ھاسىل قىلغانىدى.
قىرغاقنىڭ شۇ گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن يېرى-
دە، توپا - قۇملارنى توختىتىش ئۈچۈن،
نەچچە يۈزلەپ ئادەم ھەيدىرلىشىپ يۈرۈ-

شەتتى، ئادەتتىكەتمەنلەر بولسا، بۇ مۆ-
جىزىلەر ئالدىدا ئاجىز كېلەتتى ...
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، - تويۇقسىز
ئاڭلانغان تەكەللۇپتىن ئۆزۈمگە كەلدىم.
— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، - دېدىم، تې-
ڭىرقاپ قېلىپ.
— بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىز - غۇ، با-
لام،- دېدى ھېلىقى تونۇش، ئانام بىلەن
بىر مەھەللىلىك كىشى.
— شۇنداق ئاكا، ئانامنى يوقلاپ كې-
لەي دەپ چىقىۋېدىم، ئاشۇلارغا قاراپ
بەلكىم ... بەلكىم ئانام بارمىكىن دېگەن
ئوي بىلەن ... گەپ ئاغزىمدا قالدى،
بوۋاينىڭ چىرايى سەل ئۆزگىرىپ قالغا-
نىدى.
— ھىم ... بىر ھەپتىدىن بېرى مەشە
بىلەن ھەپىلىشىۋاتىمىز، خۇدا ئۆزى ئا-
سان قىلغاي، ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئە-
مەس، ئىشقۇ بىر سىرى، سوغۇقنىڭ جاپا-
سى يامان بولدى، بۇ سوغۇق ھەممىنى
جېنىغا جاق تويغۇزدى، كېچىسى ئۈستى -
باش بىلەنمۇ، يوتقان - جۇۋىلار ھېچنې-
مىگە دال بولالمايۋاتىدۇ، دەڭا ، بالام ...
ئۇ، قارىداپ تەمەچتەك بولۇپ قالغان
قوللىرى بىلەن ساقىلىنى تۇتامىلىدى.
بۇ يەردە ھەممە ئادەم ئاغرىقتەكلا يۈرى-
شىدۇ، ئانىڭىزنى، ھىم ... ئانىڭىزنىسەل
مىجەزى يوق بولۇپ قېلىپ، يەنە شۇ كو-
نا كېسىلى ئەمەسمۇ، ئاغرىپ تۇرغان
قولىنىڭ دەردى بىلەن كېچە - كۈندۈز
بىئارام بولۇپ، دوزاخ ئازابىنى كۆردى،
بىچارە، زادىلا بولالماي قېلىپ، ھە - ھۇ
قىلىشىپ، كەنتكە يولغا سېلىپقويۇشتۇق،
ھېلىغىچە ئۆيگىمۇ كىرىپ بولغاندۇ، سو-
غۇق يەل بەكمۇ يامان كېسەل، داۋاسى
يوق، خۇدا، شۇ مۆمىن ئايالغا ئاشۇ كې-

www.uyghurkitap.com

سەلنى سېلىپ ... سوغۇقتا ، بۇنداق دالى-
دا، ئادەم تۆكۈل جانۇ - جانىۋارلارمۇ
ياتقان يەرىدە توڭلاپ قېلىشىدۇ. ئوب-
دان چاغدا كەپىسىز، تېز مېڭىك، يېنىدىن
ئايرىلماك، قېرىغاندا، بۇ نېمە دىشۋار-
چىلىقتۇ، بىزگە ... گۆرىگە سۇ كىرىپ
كەتكۇر ناكەسلەر، شۇ يامان سوغۇقتا
ئادەمنى تېچ قويسا نېمە؟ ... سايمۇ
ساي، دۆكمۇ دۆك ھەيدەپ يۇرىدۇ، كى-
شىنى، ئىمانسىز كەتكۇرلەر ... خۇدا، گۆ-
رىگە ئوت كېتەر. بوۋاي تىترەپ - بو-
غۇلۇپ سۆزلەيتتى ...

مېنىڭمۇ بولسا تاقىتىم - تاق بولۇپ ،
بوۋاي بىلەن چالا - پۇلا خوشلاشتىم -
دە، هارۋىنى ئالدىمغا سېلىپ كەنتكە قا-
راپ چاپتىم، ئۇزاق ئۆتمەي، چۆلدە قار
ئارىلاش شىۋىرغان چىقىپ، توزىغان قار-
لارنى كۆزگە تىقىشقا باشلىدى. مۇزلاپ
قېتىپ قالغان تېيىلغاق يولدا ھايت-
هۇيت بىلەن كېتىپ بارىمىز، ھەش-پەش
دېگۈچە، كۈن چۆل ئاسمىنىدىن غايىپ
بولدى. گۆگۈم بىلەن هاۋا تۇتۇلۇپ، لەپ-
شىپ قار يېغىپ كەتتى، ئەمدى نېمە قى-
لىپ بولسىمۇ، كەنت يولىنىڭ ئاغزىغا
بارماي بولمايتتى، خۇدا ياراتقان بەن-
دىسىنىڭ غېمىنى قىلىدىكەن ،
ئارقا تەرىپىمىزدىن سوغۇقتا
دۈگدۈيىشىپ قالغان بوۋايلار ، ئۇششاق
باللار ھارۋىلىرىنى ھەيدىشىپ كېلىشى-
ۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرى قار-
غا كۆمۈلگەن بولۇپ، يەڭلىرى يۇچىلىپ،
پاختىلىرى چىقىپ قالغان ئەگلەكتەك
چاپانلىرى، سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن
بۇرۇن - لەۋلىرى يۇرەكنى سىقاتتى... مەن
هاڭگىنىڭ هورۇنلۇقىدىن ئەنسىرەپ، پۇر-
سەتنى قولدىن بەرمەي، بىر ئىلاجى قى-
لىپ، شۇلارنىڭ ئارىسىغا تىقىلىۋالدىم.
مەن شۇ باهانە بىلەن كەنت يولىنىڭ ئاغ-
زىغا كەلگىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن.

ئېغىر ياتار مەھەللىگە تونۇش ئۆيىنىڭ،
ئانام ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
توختىدىم. پۈتۈن ئەتراپ، ئەلە - مەلە،
تال - تېرەك، چەللىلەر قار ئاستىدا قال-
غان. شاخ - شۇمبىلاردىكى يېغىۋېرىپ،
ئېغىرلىشىپ قالغان قارلارنىڭ ئۆزىنى
كۆتۈرەلمەي، شىرىلداپ يەرگە چۈشكىنى
جىمجىت كېچىدە ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئادەم
شەپىسىنى سەزگەن ئېغىلدىكى قوي - قو-
زىلار جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، غەمكىن مەرى-
شىپ قويىدۇ ۋە ئېغىلدىكى قاتتىق - قۇ-
رۇق شاخلارنى كورۇسلىتىپ چاينىغىنى ئاڭ-
لىنىدۇ... دان غېمىدە، قەدىمكى ئادىتىنى
بۇزۇپ، باش ئاخشامدىن بېرى قىچقىرىش-
نى ئۆگىنىپ قالغان ئاچ پوكان تەلەيسىز
خورازلارمۇ، بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇ قور-
قۇشۇپ، جىم بولۇشۇپ قالغان، پۈتۈن مەھەل-
لە غەرق ئۇيقۇدا، قار تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ!...

ئاللانىڭ ئالدىدا بەندەشۇنچە گۇناھ-
كارمىدۇر، خۇدانىڭ غەزىپى قاچانغىچە
بېسىقمايدىكىن؟!... ھەممىدىن قىسىلىۋات-
قان شۇ بىچارە دېھقانلار ئەتە نېمە كۈن-
لەرنى كۆرەركىن! نان، يېقىلغۇنىڭ ئىشى
قانداق بولار؟! قار ئاستىدىكى ئاشۇ كە-
مە - ئۆيلەردە، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئادەم-
لەر ئۇخلاپ يېتىپتۇ - غۇ، ئۇلار بەلكىم،
نەچچە قېتىم غەمدىن چۆش كۆرۈپ ئويغ-
ىنىغاندۇر. ھە، دېھقانغا خۇدا ئۆزى ئاجا-
يىپ سەۋرى - تاقەت بەرگەن ئەمەسمۇ،
بۇنداق قېلىن قار ياغقان نەچچە - نەچ-
چە قىشلارنى، سوغۇقلارنى ئۆز بېشىدىن
كەچۈرگەندە، ئۇلار، ھېچقىسى يوق، ھېچ-
قىسى يوق!... دەپ ئۆزلىرىگە تەسەللىي

بىرىشكەن...

ئىمىشقىدۇر، قول - پۇتۇم بوشاپ، ئىشىك زەنجىرىگە قولۇمنى ئۇزىتالمايتتىم. مېنى ئىچ - ئىچىمدىن بىر قورقۇنچ بېسىۋالغانىدى.

ئاخىر، ئۆزۈم بىلمىگەن حالدا ئۆي ئىچىگە كىرىپ قالدىم.

خۇدايا توۋا، ئۆيگە كىرىشىمگە ئانامنىڭ:

— يارمەممەت، يار مەممەت بالام! - دېگىنى مېنى ھەيران - ھەس قالدۇردى. ئاھ ئانام، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس سۈتىنىڭ ئۆتكۈر ھىدىنى ۋە دۇنيادىكى ئەڭ ئەزىز ئوغلىنى ئەقىل كۆزى بىلەن شۇ قاراڭغۇ، ئىزتىراپلىق تۈن كېچىدە بايقاپ بولغانىدى.

— ئانا!... شۇ سۆزدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بېشى ئۈستىگە سىلاپ - سېيپلاپ يۈرۈپ كېلىپ قاپتىمەن. ئۇ نېمىنىدۇر تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، بېشىدا تۇرغان جىن چىراغنى ياندۇردى.

قوللىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، يۈز - كۆزلىرىمنى، پۇت - قوللىرىمنى تىترەپ تۇرۇپ ئارقا ئارقىدىن سىلاپ - سېيپلايتتى، ھاياجاندىن دۇدۇقلاپ گەپ قىلالمايتتى. گەپ قىلماقچى بولاتتى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمايتتى. تىنىقلىرى ئېغىر بولۇپ، ئازراق ئىسسىتمىسى باردەك قىلاتتى. ئاخىر، ئۇنى قىلىپ، بۇنى قىلىپ، بىر ھازادىن كېيىن تىلى گەپكە كىردى.

— خۇدايىم رەھمەت قىلسۇن بالام، ھەر نېمە بولسىمۇ كەپسەن، مەن... مەن ئۈچ كۈن بولدى، ھىم... نېمە قىلاي، ئۈچ كۈن بولدى، ئاغزىمغا ئۇۋاق سالمىدىم. يا جېنىم چىقمىدى، يا ياخشى بولۇپ كېتەلمىدىم، خۇدا دوزاخ ئازابىنى كۆرسەتتى ماڭا، ئاھ... غەپلەت بېسىپتۇ، غەپلەت، قانداق قىلىپ، ئۇخلاپ قالغاندىمەن؟ ھېچ كۆزۈم يۇمۇلمايتتى. نېمە بولغاندۇر، كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىپتۇ، شۈكرى خۇدايىم، سېنى كۆرۈپ ماغدۇرۇمغا كەلگەندەك بولۇپ قالدىم. شۇ ئۇزاق يولدا سوغۇق ئازابىنى راسا تارتقانسەن بالام، قانداقمۇ چىدىغانسەن، خۇدا ساڭا جەننەتكە كىرگىلى نېسىپ قىلار. شۇ قاتتىق سوغۇقتا مېنى دەپ جاپا تارتىپسەن، باققىنىمغا رازى بالام، باققىنىمغا...

ۋاي جان! (ئانام ئوڭ قولىنى سەزمەي ئاستىغا بېسىپ سالغانىدى)، ئۇ، تۇرۇپ-تۇرۇپ «ۋايجان» نى تەكرارلايتتى، ئەمما بەكمۇ ئاچچىق، ئازابلىق ئاۋاز بىلەن تەكرارلايتتى. ھېلى ئۇ يېنىغا ئۆرۈلسە، ھېلى بۇ يېنىغا ئۆرۈلەتتى. بەزىدە دۈم، بەزىدە ئوڭدىسىغا بولۇپ ياتاتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ چېكىلىرىدىن تەر قۇيۇلاتتى. تاشقىرىدا تىنىماي قار ياغاتتى. ئوچاقتىكى ھۆل يۇلغۇن كۆتىكى تۈتەيتتى. ئۆي ئىچى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. سۇس، ئاجىز چىراغ نۇرى بولسا، ئۆي ئىچىگە ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق كۆلەڭگۈ چۈشۈرەتتى.

— ۋايجان، - ئانامنىڭ ئوڭ قولى تۇتالماس، قويالماس بولۇپ قالغان. ئۇ كېسەل ئازابىدىن ئىڭرايتتى، ئېلىشىپ قالغاندەك تېز - تېز ئۇيقۇغا كېتىپ ۋە يەنە ئويغىنىپ، جۆيلۈپ قوياتتى، - ئىتمۇ مۇنداق قاتتىق چىشلىمەس، - ئاھ خۇدايىم، ۋايجان، دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئانامدا رېماتىزىم بولۇپ، بۇ كېسەل ھازىر رېماتىزىم خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلىگە ئايلانغانىدى. گەپ

قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزى ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى .

ئۇ شۇنچىۋىلا ئورۇقلاپ ، جۇدەپ كەتكەنىدى . لېكىن ئۆزىنىڭ تارتقان ئازابلىرى ھەققىدە ھېچكىمگە ھال ـ مۇڭ تۆكۈپ يۈرمەيتتى . ئەمدى ئۇ تۇرالماس بولۇپ يېتىپ كەتتى . بەلكى بىر چاغلاردا ئۇنىڭ خۇشال ـ قۇتلۇق ئۆتكەن كۈنلىرى بولسىمۇ ، بولغاندۇر ... لېكىن تەقدىر ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قولى بىلەن ئۇنىڭ كېلىنى سىقىپ ، جېنىنى سۇغۇرۇپ ئالماقچى ، ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ ... ئۇ ، ئوڭدىمۇ ، چۈشىدىمۇ ، تەرى يامان ، زەردىلىك ، قارامۇتۇق ئەترەت بېشىنىڭ زەھەرلىك قاراشلىرىدىن قۇتۇلالمايدىغاندۇر ، شۇنىڭدىن بولسا كېرەك ، ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . ئۇنى قارا باسقانمىكىنتاك ، ئېغىر ـ ئېغىر تىناتتى . ئۇ ، ئويغىنىپ مېنى كۆردى ۋە مەھكەم تۇتۇۋالدى . دېيىشىۋالغاندەك ئۆزىمىزنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتۇق ، مەن يىغلاپ تۇرۇپ ، كەينى ئەگىتىپ يۈرمەي مەقسىتىمنى ئۇدۇللا ئانامغا ئېيتتىم :

ــ ئانا ، جېنىم ئانا ... ـ كېتەيلى ، ئەمدى يەنە نېمىگە تارتىشىپ تۇرىسىز ؟ بولدىلا ئانا ، نېمە بولساقمۇ ، بىللە بولارمىز ، يالغۇز تىكەندەكلا بۇ يەردە تۇرسىڭىز بىز ئەنسىرەپلا يۈرىدىكەنمىز . تەندە جان بولسا ، پۇلنىڭ بىر ئىلاجىنى قىلارمىز ، كۆزىمىز مىدىرلاپ تۇرۇۋېتىغۇ ؟ خۇدا ئۆزى بىر يولدا قويار ، خۇدا سىزگە شىپالىق بېرىپ قالسا ... ئانام ئورۇق ـ ئاجىز يەلكىلىرىنى لىكىلدىتىپ ، ئۆزىنى يىغىدىن ھېچ توختىتالمايتتى . ئۇچاقتىكى ئوت لاپ قىلىپ يېنىپ ئۆينى يورۇتتى . ئۇيقۇم يوق ئىدى ، ئاستا تاڭ يورۇپ كېلىۋاتاتتى ، ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىمەن ... بىزدە قولغا چىققۇدەك ساتاساتقۇلۇق نەدە ؟ شۇ ئونبەش ـ يىگىرمە يىلدىن بېرى ئالا قاراڭغۇدا تۇرۇپ ، يېرىم تۈنلەرگىچە ئىشلەپمۇ يېگەن زاغراڭ ئۇچۇن قەرزدار ؟! ... ئاھ ، ئانا ، پاشا كېلىپ پېشانەڭگە قونسا ھۈركىتىشكە ۋاقتىڭ يوق ئىدىغۇ ؟ ـ شۇ قاراڭغۇ ، سۈرلۈك ، شامال ھۇۋلاپ تۇرىدىغان ئۆيىڭدە يوقسۇزلۇق ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ ؛ بىرەر قېتىم تىنىپقىنا ئولتۇرغانىمدىڭ ئانا ، مانا ئەمدى ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىڭدا ، بېشىڭدا خەۋەر ئېلىپ ، كىم ئولتۇرۇپتۇ ؟ ... يەرمۇ يەر ، گەشمۇ ـ گەش ھەيدىلىپ يۈرۈپ ، ئېتىزدا ئۆلسەڭ ، ئۇلارغا بىر ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىڭمۇ ئانا ! ...

قاتتىق تۇرقۇپ كەتكەن ئاۋازدىن چۆچۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم . بىز ئولتۇرغان ئۆيگە بىر ئېشەك بېشىنى تىقىپ ، بەخىرامان قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ، پۇشقۇرۇپ تۇراتتى . ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم . بۇنداق خورلۇققا چىداش مۇمكىنمۇ ئاخىر! يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتسەممۇ ، بۇ ئەركە جانىۋارنىڭ تازا بىر ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم.

خۇدايا تووۋا ، بۇ تام قوشنا ئۆيدىكى دادۇي بوغالتىرىنىڭ ئېشىكى بولۇپ، ئۆينىڭ سۇۋاقلىرىنى كەينى پۇتلاپ تېپىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، تامنىڭ شاخلىرىنى كۆرۈستىلىپ يەپ تۇراتتى. قولۇمغا چىققان ئوتۇن بىلەن ئېشەكنىڭ باشلىرىغا پوتۇن

(ئاخىرى 49 ـ بەتتە)

# ئالتۇن ھالقا

( ھېكايە )

ئابلەت مەمتىمىن

مەن شوپۇر بولدۇم. شوپۇر بولغاندىمۇ قانداق ماشىنىنىڭ شوپۇرى دەڭ؟ ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى كونا شىركەتنىڭ، ئىمپورت قىلىنغان، سۈرئىتى تېز، كۆرۈنۈشى كۆركەم، كۆتۈرۈشلۈكى يۇقىرى، ئاق رەڭلىك يۈك ماشىنىسىنىڭ شوپۇرىمەن.

شوپۇر دېگەن پۇلنى كۆپ تاپىدۇ. ئۇ ماشىنىنى شەھەرمۇ شەھەر ھەيدەپ ھۆكۈمەت ئۈچۈن يىل بويى پۇلغا ئىشلىگەندىن سىرت، ئانچە- مۇنچە ئۆز غېمىنىمۇ يەپ قويىدۇ، بۇ ھەممىگە مەلۇم. مەن بۈگۈن تۈنجى قېتىم رولىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ، ئۆزۈم ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىمدا، پۇل تېپىش توغرىسىدا ئويلىشىپ قالدىم. باغلام - باغلام، تاتا- زا تاتازىلاپ پۇل تېپىش توغرىسىدا خىيال قىلدىم. ئەمما مېنىڭ پۇل تېپىپ ھەشەمەتلىك شەخسىي قورۇ جاي سېلىش نىيىتىممۇ، ئالىي رېستورانلارغا كىرىپ گۈزەل جانانلارغا پۇل خەجلەپ كۆڭۈل ئېچىش نىيىتىممۇ يوق. ئانچە پۇل تاپتىم، مۇنچە پۇل تاپتىم دەپ ئەل - ئاغىنىلىرىم ئارىسىدا ماختىنىشنىمۇ ئارزۇ قىلمايمەن. پەقەت پۇل تاپىمەن، مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ پۇل تاپىمەن. قانچە كۆپ تاپسامۇ زادىلا بولدى قىلمايمەن. ئاندىن خۇدا بۇيرىسا تاپقان بارلىق پۇللىرىمغا ئالتۇن ھالقا ئالىمەن. ئانامغا، ئاشۇ كۆزدىكى كۆلدەك سۇلۇپ كېتىۋاتقان ئانامغا ئالتۇن ھالقا ئېلىپ بېرىمەن. ئۇنىڭغا بىر ئەمەس، ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز ئالتۇن ھالقا ئېلىپ بېرىمەن. سىز ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنىڭ بىخ سۈرگىنىگە خېلى بولدى.

دۇنيادا ئانا دېگەننىڭ سەتى يوق! ۋەھالەنكى مېنىڭ ئانام بارلىق ئانىلار ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل ئانا. ئۇنىڭ زىلۋا ۋە ئېگىز قامىتى، مېھرىبانلىقى چېچىلىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، ئۇزۇن ۋە توم قارا سۇمبۇل چاچلىرى كىچىكىمدىنلا ماڭا تونۇش، قاچان ئىكەنلىكى يادىمدا يوق، توققۇز - ئون ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك. بىر كۈنى مەن ئانامغا ئەگىشىپ بازارغا بارغانىدىم. بازاردىكى كىشىلەر نېمىشقىدۇر ھەممىسى دېگۈدەك بىزگە تىكىلىپ قارىشاتتى. يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەرلەر ئىختىيارسىز ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئانامغا نەزەر سېلىشاتتى. مەن بۇنىڭدىن نېمىگىدۇر ھەيران بولاتتىم. ئانام بىر يايمىكەشنىڭ ئالدىدا توختاپ، بىر نەرسە توغرىسىدا سودىلىشىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ياندىكى بىر نەچچە ئەركىشىنىڭ ئۆز ئارا قىلىشىۋاتقان سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

— كىم بۇ پەرىشتە سۈپەت؟

— ئىسمايىل تۆمۈرچىنىڭ خوتۇنى.

— قايسى ئىسمايىل تۆمۈرچىنىڭ؟

— قومېرىقتىكى ئىسمايىل تۆمۈرچىنىڭچۇ.

— ئەجەب چىرايلىق خوتۇن ئېلىۋاپ-

تىكىنا كاساپەت ...

مەن سۆھبەتنىڭ ئانام توغرىسىدا كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالدىم. ئانام راستىنلا شۇنچە چىرايلىقمىدۇ؟ سودىسىنى تۈگىتىپ بۇرۇلغاندىلا مەن ئانامنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم. ئاق ئالمىدەك سۈزۈك چىرايى، قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئەگمە قاش، ناچىدەك بۇرۇن، تاناپ تارتقاندەك كەلگەن تۈز قاڭشار، قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان ئىككى مەڭزى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. مەن ھەر كۈنى تالاي قېتىم تىكىلىپ قارايدىغان ئاشۇ چىرايىنىڭ بۇنچىۋىلا گۈزەل ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ھازىرغىچە ھېس قىلمىغاندىمەن؟ بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم.

كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئانامنىڭ رۇخسارىغا، ئانامنىڭ قامىتىگە ھەر قېتىم نەزەر سالغىنىمدا قەلبىمدە «مېنىڭ ئانام نېمە دېگەن چىرايلىق» دېگەن بىر پەخىرلىنىش تۇيغۇسى مەۋج ئۇرۇپ، قەلبىم ئاللىقانداق بىر تۇيغۇ ئىلكىدە سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئانامنىڭ رۇخسارىدا ھەقىقەتەنمۇ سىرلىق بىر خىل گۈزەللىك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىر - بىرىگە تولىمۇ ماس كەلگەن قاش-كۆزلىرى ئارىسىغا نامەلۇم مۇقەددەس مەپتۇن قىلغۇچى بىر گۈزەللىك سېھرى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ گۈزەللىك سېھرى ئانامدىن ئۆزگە ھېچقانداق ئايال زاتىدا تېپىلمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئاستا - ئاستا چوڭ بولدۇم. قاچان، قايسى كۈن ئەقلىمگە كەلگەنلىكىم نامەلۇم. ئىشقىلىپ تۇيۇقسىز ئانام چېھرىدىكى گۈزەللىكنىڭ، ئۇنىڭغا نۇر قوشۇپ تۇرغۇچى مەنبەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاز - تولا ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ خۇشپېچىم قامىتىگە نۇر - جۇلا قوشۇپ گۈزەللىكىگە رەڭ بېغىشلاپ تۇرغىنى ئانامنىڭ قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقا ئىكەن.

يېرىم چېمبەردەك ئەگمە، قۇياشتەك نۇرلۇق ئالتۇن ھالقا ئانام چېھرىگە نۇر سېپىپ ئۇنىڭدا گۈزەل جۇلالارنى ھاسىل قىلغانىكەن. ئاھ ئانام، ئالتۇن ھالقىلىق ئانام. «ئاناڭنى ئاتاڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دېگىنى شۇ ئىكەندە قەدىمقىلارنىڭ... ئانامغا ھەر قېتىم نەزەر سالغىنىمدا ئاشۇ ئالتۇن ھالقىنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى ھەققىدە ئويلايدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى ئانامدىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدىم:

— ئانا، ئالتۇن ھالقىڭىزنى قاچان سېتىۋالغان؟

ئانامنىڭ قىزىل گۈلدەك مەڭزىلىرى يەنىمۇ بەكرەك نۇرلىنىپ كەتكەندەك ئاشۇ ئىككى مەڭزىدە قىپقىزىل ئوت كۆيۈۋاتقاندەك بولدى. كۆزلىرىدىن ئانىلارغا خاس تارتىنىش ۋە خىجىللىق بالقىپ چىقتى.

— ئانامدىن قالغان بالام، - دېدى ئانام بېشىمنى سىلىغىنىچە، - ئۇنىڭغىمۇ ئانىسىدىن قالغانىكەن. بۇ تولىمۇ بۇرۇنقى ئىشلار... ئەجەب سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— سىزگە بەكمۇ يارىشىدۇ. ھالقىڭىزنى ئاسقىنىڭىزدا چېھرىڭىزگە بىر دىنىلا سېھرىلىك ئاپتاپ چۈشكەندەك گۈزەللىشىپ كېتىسىز...

ئانام يەنە ۋىللىدە قىزاردى، ھەتتا ئۇنىڭ ئاشۇ ئالتۇن ھالقا ئاسقان قۇلاقلىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئاشۇ قېتىمقى ئەدەبسىز سوئالىمدىن كېيىن ئانام ئالتۇن ھالقىسىنى تاقىمايدىغان بولۇۋالدى، ئۇ يەنىلا گۈزەل ئىدى. لېكىن ماڭا ئاشۇ

ئالتۇن هالقىسىنى تاقىغانىدىلا يەنىمۇ بەكـ
رەك گۈزەللىشىپ كېتىدىغانىدەك تۇيۇلاتتى.
مەن ئۇنىڭ دائىم ئالتۇن هالقىسىنى تاـ
قاپ يۈرۈشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئالتۇن هالقىنى ئۇـ
نىڭ قۇلىقىدا ئىككى قېتىم كۆردۈم. ئالـ
دىنقىسىنى مەن «تېخنىك ئىشچىلار مەكـ
تىپى» نىڭ شوپۇرلۇق سىنىپىنى تاماـ
لاش ئالدىدا تۇرغاندا كۆرگەنىدىم. ئانام
مەكتەپكە مېنى يوقلاپ كەپتۇ . شۇ چاغدا
ئۇ ئالتۇن هالقىسىنى قۇلىقىغا تاقىۋالـ
غانىدى. سىنىپ مۇدىرىمىز نىڭ ئېغىزىنى
هاڭ ئېچىپ ئانامنىڭ جامالىغا تىكىلىپ
قالغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇ ئاشۇ هاـ
لىتىدە ئېغىزىغا چىۋىن كىرىپ كەتسىمۇ
سەزمىگۈدەك دەرىجىدە قېتىپ قالغانىدى.
قەلبىمنى ئاللىقانداق بىر ۋەهىمە چاڭـ
گىلىغا ئالغاندەك بولدى. نېمىلەرنى دېگەنـ
لىكىم ئېسىمدە يوق، پەقەت ئانامنى تېزـ
رەك يولغا سالغانلىقىمنى، ئۇنىڭ گۈزەل
قامىتى ۋە ئالتۇن هالقا نۇر چېچىپ تۇرـ
غان رۇخسارىنى ئاشۇ مەستانە كۆزلەردىن
قاچۇرغانلىقىمنىلا ئەسلىيەلەيمەن. شۇقېـ
تىم ئانامنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئالتۇن هالـ
قىسى ئۈچۈن نېمىشقىدۇر بىرىنچى قېتىم
خىجىللىق هېس قىلدىم. قەلبىمدە ئاچچىق
ئارىلاش بىر خىل خوۋلۇقنىڭ ئىزى قالـ
دى. ئانامغا ياكى سىنىپ مۇدىرىمغا ئاچـ
چىقلانغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. ئانام كەتـ
كەندىن كېيىن سىنىپ مۇدىرىم مەندىن
سورىدى:

— ئۇ سېنىڭ ئاناڭمۇ؟- بۇ ئۇنىڭ ئاـ
نام كېتىپ ئالاھىزەل يېرىم سائەتلەردىن
كېيىن سورىغان سوئالى ئىدى.

كېيىنكى قېتىمقىسى بۇنىڭدىن تەخمىـ
نەن بىر - ئىككى ئاي ئىلگىرىكى ۋاقىت بولـ
سا كېرەك. ئانامنىڭ قۇلىقىدا يېنىك چايـ
قىلىپ تۇرغان ئالتۇن هالقىنى غىلىپىلىلا
كۆرۈپ قالدىم. ئەقىل كۆزلىرىم ئۇنىڭ
جامالىنىڭ ئاجايىپ نۇرلىنىپ كەتكەنلىـ
كىنى، تەڭداشسىز گۈزەللىكىنىڭجەۋلان قىـ
لىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى... مانا
ئەمدى ئاشۇ ئالتۇن هالقا يوق. ئۇنىڭ
گۈزەللىكىگە نۇر - رەڭ بېرىپ،هۆسن بېـ
غىشلىغۇچى مەنبە يوق. ئانامنىڭ
جامالىغا هەر قېتىم كۆزۈم چۈشكەندە ئۇ
يادىپ،قېرىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇششۇك
تەگكەن گۈلدەك سۇلۇپ سارغىيىپ كېتىـ
ۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. قەلبىي نېمىدىندۇر
ئازاب چېكىۋاتقاندەك، نېمىگىدۇر ئېچىنىـ
ۋاتقاندەك سېزىلىدۇ. ۋايىغا يەتكەن ئوـ
غۇل ئۈچۈن ئانا قەلبىنىڭ چىگىلگەنلىكـ
نى كۆرۈشتىن ئارتۇقراق ئازاب بارمۇ؟
ئانىسىنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈشـ
تىن ئارتۇقراق ئارمان بارمۇ؟ مەن پۇل
تاپىمەن، باغلام - باغلام، تاتازا - تاتاـ
زىلاپ پۇل تاپىمەن، هەممىسىگە ئالتۇن
هالقا سېتىۋالىمەن. ئانام ئۈچۈن، ئۇنىڭ
ياشلىقى، گۈزەللىكى ئۈچۈن ئالتۇن هالـ
قا سېتىۋېلىپ بېرىمەن. مېنىڭ پۇل تېـ
پىشتا بۇنىڭدىن باشقا مەقسىتىممۇ يوق.
چۈنكى يېقىندىلا ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل رۇخـ
سارىغا نۇر بەخش ئەتكۈچى تەۋەرۈك ئالـ
تۇن هالقىسى بىر ئاچ ئەجدىهانىڭ قارـ
نىغا كىرىپ كەتتى، ئەجدىهانىڭ قارـ
نىدەك تويماس بىر هاڭغا چۈشۈپ كەتتى.

مەن شوپۇرلۇق كۇرسىنى تاماملاپ
پراۋا ئالغىنىمدىن كېيىن ئىش كۈتۈپ ئىكـ
كى يىل تۇرۇپ قالدىم. بارمىغان
ئىدارە، دوقۇرمىغان دەرۋازا،
يېلىنىپ يالۋۇرمىغان تونۇشـ
بىلىشلەر قالمىدى. لېكەن شوپۇر دېگەن

ئۈستىنىڭ قۇرتىدەك تولا بولۇپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە ئۇنداق ئوڭاي ئېچىلمىدىغان دەرۋازا، ئوڭايلا ھەيدەيدىغان ماشىنا نەدە تۇرۇپتۇ؟ ھەممىسى بىرلا سۆزنى يادلىشىۋېلىشقاندەك «شتات تولۇق،شوپۇرغا ئېھتىياجىمىز يوق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاجىمىز بولمىدى.«ئارقا ئىشىكتىن ماڭ، زامانغا لايىق بىر نەرسە شۇڭغۇت» دەپ مەسلىھەت بەرگەنلەر بولدى. لېكىن، ئۇ ئارقا ئىشىك قەيەردە؟ قايسى ئىشىك بىلەن قەيەرگە شۇڭغۇتىمىز؟ قۇمتېرىقلىق كەمبەغەل تۆمۈرچىنىڭ شۇڭغۇتقۇدەك نېمىسى بار؟ بىز يەنىلا قەپەزگە سولاپ قويۇلغان يولۋاستەك چىقىش يولى تاپالمايتتۇق،ھەممە ياق يورۇق كۆرۈنەتتى. لېكىن قاياققا ماڭمايلى،ئەينەك ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان چىۋىندەك دوقۇرۇپ توختاپ قالاتتۇق. ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتۇق. يەنە دوقۇرۇپ يىغلايتتۇق...

شۇنداق كۈنلەردە ئالتۇن ھالقىلىق ئانامنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان بىر تۇغقىنىنىڭ قاتناش شىركىتىگە دىرېكتور بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدۇق. بىزگە گويا يىراقتىن قۇتۇپ يۇلتۇزى كۆرۈنگەندەك بولدى. «بۇ كىشى پارا يېمەسمىش، ئارقا ئىشىكنى پېچەتلەپ مەھكەم ئېتىۋەتكەنمىش، ئەمدى ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشەرمىش...» چىرايلىق گەپلەر قۇلىقىمىزنى بىر ئىللىك سەمرىتىۋەتكۈدەك كۆپ ئىدى. ماڭا ئىشلىرىم بىردىنلا ھەل بولىدىغاندەك، يېپيېڭى ماشىنىنىڭ شوپۇرى بولۇپ رولدا غادىيىپ ئولتۇرۇپ ئەتىلا يولغا ئاتلىنىپ كېتىشىمدە گەپ يوقتەك تۇيۇلاتتى.

مەن خۇشاللىقىمدىن يوغان بىر سېۋەتكە ياقۇتتەك سارغىيىپ پىشقان سايىۋا ئۆزۈمدىن لىق قاچىلاپ ھېلىقى دىرېكتور تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئاتلاندىم.

— شتاتىمىز تولۇق، شوپۇرغا ئېھتىياجىمىز يوق... — ئۇ كىشىمۇ ماڭا ئاشۇ گەپنى تەكرارلاپ بەردى. قاقشاپ، قايناپ قايتىپ كەلدىم.

ئۆيگە كەلگەندە ئانام بىچارىنىڭ قانداق تاپا - تەنىلەرنى قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم «ئۇنداق تۇغقىنىڭىزنى-يەي... مۇنداق تۇغقىنىڭىزنى-يەي...» دېگەندىمەن. بىچارە ئانام مۈكچىيىپ، غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. لېكىن ئەتىسى ئاشۇ تۇغقىنىنى ئۆزى ئىزدەپ كەتتى. قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى غېرىبلىق كۆلەڭگۈلىرى يەنىمۇ قويۇقلىشىپ كەتكەنىدى. ئانام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر ئاي ئىچىدە ئۈچ قېتىم قاترىدى. ئۇ ھەر قېتىم قايتىپ كەلگەندە تېخىمۇ غېرىبسىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ھۆسن-جامالىنى چاڭ - توزان بېسىپ،قاش-كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا قورۇق چۈشۈپ،قېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. ئانامنىڭ ئاشۇ ھالىنى ھەر قېتىم كۆرسەم قەلبىمنى غايىبانە بىر نەرسە غاجىلىغاندەك ئازابلىنىپ كېتەتتىم. ھەممىدىنۋازكەچكۈم، ئاتامنىڭ بولقىسىنى كۆتۈرۈپ تۆمۈرچىلىك سەندىلى ئالدىغا كېلىپ ھەممىنى بولدى قىلغۇم كېلەتتى. لېكىن...

ئانام ئاخىرقى قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ماڭغاندا ئاشۇ چىرايلىق ئالتۇن ھالقىسىنى تاقاپ كەتتى. بىراق، ئۇ كەچتە قايتىپ كەلگەندە قۇلاقلىرىدا ئالتۇن ھالقىسىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا مىختەك قادالغان كۆزلى-

رىمنى سەزگەن بولسا كېرەك. ئانامنىڭ لەۋلىرى بىردىنلا ئۆمچەيگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتقان ۋۇجۇدىغا كۈچلۈك بىر يىغا قىستاپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇنى ئېيتقۇسىز گۈزەللەشتۈرۈپ تۇرىدىغان سېھىرلىك نۇر ئۆچۈپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئانا قەلبىگە خاس بولغان شادلىقنى كۆرگەندەك بولدۇم.

— ئىشىڭ ھەل بولدى بالام، ئەتە ئىشقا چۈشىدىغان بولدۇڭ. دىرېكتور تۇغقىنىمىز سېنى ئەتە كېلىپ ئىشقا چۈشسۇن دېدى...

ئانامنىڭ ئاۋازى ماڭا گويا يىغلاۋاتقاندەك ئاڭلاندى. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغىمۇ يىغا ئۇلاشقاندەك بولدى. لېكىن بۇنىڭ شادلىق يىغىسى ياكى ئېچىنىش يىغىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئانامنىڭ چىرايلىق ئالتۇن ھالقىسى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە نۇر سېپىپ تۇرىدىغان تەۋەررۈك ئالتۇن ھالقا ئەجدىھانىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئاھ، ئالتۇن ھالقا...

مانا مەن شوپۇر بولدۇم. يەنە كېلىپ دەسلەپتىلا ئىمپورت قىلىنغان سۈرئىتى تېز، كۆرۈنۈشى كۆركەم، كۆتۈرۈشلۈكى زور ئاق رەڭلىك يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى بولدۇم. مەن پۇل تاپماقچىمەن، مەن پۇل تاپالايمەن. پۇل تاپساملا تاپقان پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئانامغا ئالتۇن ھالقا ئېلىپ بېرىمەن. ئاھ، ئۇ تەۋەررۈك ئالتۇن ھالقىسىنىڭ ئورنىنى باسالامدىكىن؟

(بېشى 44 - بەتتە)

جان - جەھلىم بىلەن ئۇرۇپ كەتتىم... ئەندى مېنىڭ كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ھېلىقى بىر ئېشەك ئىكەن، ئۇن يولۋاس بولسىمۇ، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ، ھۆكىرەپ كېلىشىدىن كۆزۈمنى مىت قىلمايتتىم. ئېشەك مەندىن تېگىشلىك ئىنئامىنى ئالغاندىن كېيىن، يامان پەيلىدىن قورققان بولسا كېرەك، مۇبارەك بېشىنى ئۆيدىن ئېغىلغا تارتىۋالدى...

ئۆزۈمنى تۇتالماي، تاڭ ئاتقۇچە، جالاق - جۇلۇق تىترەپ چىقتىم. ئانام بىر قولىنى ساڭگىلىتىپ، لاتا - پۇتا، يوتقان - كۆرپىلىرىنى نېرى - بېرى يىغىشتۇرۇپ، پارچە - پۇراتلىرىنى خالتىغا سېلىۋاتقاندا، مانا شۇ تەۋەررۈك كالاچ ئۇنىڭ قولىدا تۇراتتى.

چىۋەر - چاققان ئايالىم، داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئۆكۈپ كەتكەن چىرايىمدىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك، ھېلىقى كونا كالاچنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى سۈرتۈپ، قولىدا تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى... مەن بالا - چاقىلىرىم بىلەن تىنىچ - ئامان، بىللە ئولتۇرسامۇ، ئانامنىڭ ئاشۇ تارتقان جەۋرى - جاپالىرى يوغان بىر تاش بولۇپ، يۈرىكىمنى ئاستىغا بېسىپ تۇرماقتا؟!...

## « دانىشمەن » ئامبال

( رىۋايەت )

### مۇختەرجان مۇھەممەت

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئامبال ئۆتكەنىكەن، ئۇ بىر كۈنى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە تۇرۇپلا كاللىسىغا بىر ئوي كەپتۇ - دە، ئۆز - ئۆزىگە:

— پاھ، مېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىم بىلەن بۇ شەھەر، بۇ يۇرت ئامان تۇرمىسا، مېنىڭ ئەقىل-پاراسىتىم بىلەن خەلقى ئالەم تۇرمۇش يولىنى تاپمىسا... ئەگەردە مەن بولمىغان بولسام جاھان نېمە بولار ئىدى - ھە،- دەپ ئويغا چۆشۈپتۇ. بۇنداق چوڭ - قۇر تەپەككۇر قىلىش ئامبالنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىكەن. ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ كاللىسىغا مۇنداق بىر خىيال كەپتۇ:

— راست ئەخمەقلەردىن شەھىرىمىزدە تالاي - تالاي تۇرسا، شۇلاردىن بىر نەچچىنى تېپىپ راسا ئەدىبىنى بېرىپ، باشقىلارنى ئىبرەت قىلمايمۇ،- دەپ دورغا بەگنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ.

— خوپ ھەزرەتلىرى، قانداق تاپشۇرۇقلىرى باركىن، - دەپ تىك تۇرۇپتۇ دورغا ئامبال ئالدىدا.

— ساڭا بىر پەرمانىم بار، سەن بۈگۈن بازار ئارىلاپ ئۈچ ئەخمەق تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىق قىلىقلىرىنى ماڭا دەپ بېرىسەن، مەن ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، ئۇلارغا جازا بېرىمەن، - دەپتۇ بۇرۇتىنى تالاپ تۇرۇپ ئامبال.

دورغا بەگ پەرماننى بېجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بازارغا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم ئۆشنىسىگە تاغارنى ئارتقان ھالدا ئېشەككە مىنىپ كېتىۋاتقۇدەك.

— ھەي ئەخمەق، تاغارنى ئېشەككە ئارتماي، ئېشەكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يەنە ئۆشنەڭگە ئارتىۋاپسەنغۇ،-دەپ سوراپتۇ دورغا بەگ.

— ئېشىكىم سەل ئاجىز ئىدى، مەن مىنسەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغارنىمۇ ئارتسام، ئېشەككە زۇلۇم بولارمىكىن دەپ شۇنداق قىلدىم،- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئېشەكتىكى كىشى.

— ھە تاپتىم، تاپتىم ، ئەخمەقتىن بىرنى تاپتىم،-دەپ دورغا خۇشلۇقىدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئادرېسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغاندىن كېيىن يەنە ئىككى ئەخمەق تېپىش ئويى بىلەن يەنە بازار ئارىلاپ ئىزدەشكە باشلاپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ سىپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قارىغۇدەك بولسا دەرۋازا ئالدىدا بىر كىشى بىر

خادىنى كۆتۈرۈپ، ھېلى يانتۇ تۇتۇپ، ھېلى تىك تۇتۇپ، سېپىل دەرۋازىسىدىن خادىنى ئۆتكۈزەلمەي تۇرغۇدەك. دورغا بۇنى كۆرۈپ:

— ھەي، نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

— بۇ خادا بەك ئۇزۇن ئىكەن، يانتۇ قىلسام دەرۋازىنىڭ كەڭلىكىدىن ئېشىپ قالدى، تىك قىلسام دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ قالدى، بىلگەن بولسام كىچىكرەك خادا ئېلىپ كېلىدىكەنمەن، - دەپتۇ ھېلىقى كىشى. دورغا:

— ياخشى بولدى، بىردەمدىلا ئىككى ئەخمەق تېپىلدى، ئۈچىنچى ئەخمەقنىمۇ بىردەمدە تاپىدىغان بولدۇم دەپ خۇشلۇقىدىن بۇ ئادەمنىڭ ئىسىم-شەرىپى ۋە ئادرېسىنى سورىغاندىن كېيىن ئۈچىنچى ئەخمەقنى تېپىش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ. مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ، شەھەرنى بىر قانچە قېتىم ئايلىنىپتۇ. ئۈچىنچى ئەخمەق زادىلا تېپىلماپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، ئەمدى تانىداق قىلغۇلۇق، - دەپ دورغىنىڭ بېشى قېتىپتۇ. ئاخىرى نائىلاج ئامبالنىڭ ئالدىغا بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئامبال دورغىنى كۈتۈپ تەقەززا بولغانىكەن. دورغىنى كۆرۈپلا:

— سەن ئەتىدىن كەچ بولغۇچە نەلەردە يۈردۈڭ؟ قېنى تاپقان ئەخمەقلەر؟ - دەپ سوراپتۇ.

— ھەزرەتلىرى يۇرتىمىزدا ئىككى ئەخمەقلا تېپىلدى، كەچكىچە ئۈچىنچى ئەخمەقنى ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولدۇم، ئۈچىنچىسى زادى تېپىلمىدى، - دەپ مەلۇم قىپتۇ دورغا تىترەپ تۇرۇپ. ئامبال:

— قېنى ئەخمەقلەرنىڭ قىلىقلىرىنى سۆزلەپ باق، - دەپتۇ. دورغا بىرىنچى ئەخمەقنىڭ قىلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن، بۇنى ئاڭلىغان ئامبال:

— راست، راست بۇ كىشى راستىنلا ئەخمەق ئىكەن، - دەپتۇ.

ئىككىنچىسىنىڭ قىلىقىنى ئاڭلىغان ئامبال:

— ھەي بۇ ئەخمەقنى، ئۇنداق قىلغۇچە خادىنى سۇندۇرۇپ ئۆتسە بولمامدىكەن، شۇنىڭغىمۇ ئەقلى يەتمىگەن بارمۇ، - دەپ ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلىپ كېرىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئامبالدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان دورغا دەرھال:

— ھە ئەمدى ئۈچىنچى ئەخمەقمۇ تېپىلدى، - دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ ۋە يەنە دەرھاللا ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ سىرتقا قاراپ تېز - تېز مېڭىپتۇ. ئامبال:

— ھەي دورغا، توختا! ئۈچىنچىسىنى تاپتىم دەيسەن، ئەمىسە دېمەي نېمىشقا چىقىپ كەتمەكچى بولىسەن؟ - دەپتۇ. لېكىن دورغا ئۈن - تىنسىز ھالدا چىقىپ كېتىپتۇ. دورغىنىڭ كەينىدىن چىققان خاتىش:

— دورغا بېگىم، ئۈچىنچى ئەخمەقنى دېمەي چىقىپ كەتتىلىغۇ: ئۇ زادى كىم؟ - دەپ سوراپتۇ. دورغا كەينىگە قارىماستىن:

— ئۇنى ئامبال ئالماشقاندا دەيمەن، - دېگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

# تەنقىد ئادىل، توغرا بولۇشى كېرەك

ئابدۇقادىر مەتسىدىق، ئابدۇلھېكىم كېرەم

ئەدەبىي تەنقىد — ئەدەبىي ئەسەر بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش، ئاپتورلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىي تەنقىد بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مول ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە توغرا ۋە ئىلمىي دۇنيا قاراشقا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سەنئەتلىك قانۇنىيىتىنى ھېس قىلالايدىغان سەزگۈرلۈككە، مۇئەييەن ئەسەر ئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، توغرا، ئادىل ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ئەمەلىي ئىقتىدارغا، شۇنداقلا مول تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر ئاجىز ھالقا — ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئارقا - ئارقىدىن بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئوبزورلارنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. مۇشۇ قاتاردا روزىتوختى داۋۇت بىلەن ئەركىن داۋۇتنىڭ مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان (1991 - يىل 5 - سانىدا) بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئۈستىدە سادىر ئەكرەمنىڭ «ئەكس سادا» (1992 - يىل 2 - ساندا)، ئەنۋەر ھوشۇرنىڭ «تەنقىد ئىلمىي بولۇشى كېرەك» (1992 - يىل 4 - ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش شەرھلەنگەن بۇ ئىككى پارچە ماقالە ئىلمىي مۇنازىرە تۈسىنى ئالغانلىقى سەۋەبلىك دىققىتىمىزنى قوزغىدى.

بىز ئەسلى ئەسەرنى ۋە بۇ ئىككى پارچە ماقالىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە شۇنى ھېس قىلدۇقكى، روزىتوختى داۋۇت بىلەن ئەركىن داۋۇتنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا سانسىز قېتىم تىلغا ئېلىنىپ بولغان، شۇنداقلا ھەممەيلەنگە دېگۈدەك ياد بولۇپ كەتكەن كونا پىكىرلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىش بىلەن بىرگە، ئەنئەنىۋى ئوبرازلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن قۇتۇلالمىغان بولسا، سادىر ئەكرەم «ئەكس سادا» ناملىق ماقالىسىدا يۈزەكى تەھلىللىرى ئارقىلىق ئەسەرلەرنىڭ بەزى كونكرېت يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلەپ بۆسۈپ كىرەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسمەن مەنتىقىي بۇرمىلاش ۋە «شەخسكە تېگىپ كېتىش» تەك ناتوغرا ئۇسۇللارغا يول قويۇپ، تەنقىدنىڭ ئىلمىي بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن.

ئەنۋەر ھوشۇرچۇ؟ ئۇ «تەنقىد ئىلمىي بولۇشى كېرەك» ناملىق ماقالىسىدا ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش، ئەمەلىي پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق سادىر ئەكرەمنىڭ ماقالىسىدىكى ئىلمىي سەۋەنلىكلەرنى (بولۇپمۇ مەنتىقىي بۇرمىلاشنى) توغرا كۆرسىتىپ

بېرەلىگەن ۋە تۈزەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىككى تۈرلۈك نۇقسانغا يول قويغان.

بىرىنچىسى ، تاپىنىغا كىرگەن تىكەننى چوققىسىدىن كوچىلىغانىدەك، سادىر ئەكرەم بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن سۆزلىسە، ئەنۋەر هوشۇر ئىدىيەۋىلىك نۇقتىسىدىن سۆز ئېچىپ، ئۈستىلىق بىلەن مۇنازىرە تېمىسىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىپ، قەستەن باشقىلارنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇنغان.

ئىككىنچىسى ، ھەقىقىي مۇنازىرە تېمىسى ئۈستىدە ئىجابىي جەھەتتىن كونكرېتنى تەھلىل يۈرگۈزمەي تۇرۇپ روزىتوختى داۋۇتنىڭ «ياشلىقىمنى ئىزدىسەك ئەگەر» ۋە ئەركىن داۋۇتنىڭ «ياشلىق» قاتارلىق شېئىرلىرىغا بىراقلا «ياخشى شېئىر» ماركىلىق تون يېپىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن توغرا، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. تۆۋەندە يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى دەلىللەپ، كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

ئالدى بىلەن روزىتوختى داۋۇتنىڭ «ياشلىقىمنى ئىزدىسەك ئەگەر» ناملىق شېئىرى ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشقا كېلەيلى. سادىر ئەكرەمنىڭ قارىشىچە، بۇ كونا قېلىپتىن قۇتۇلالمىغان شېئىر، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ يەردىكى پىكىرنىڭ ئېغىرلىق نۇقتىسى شېئىردا قانداق ئىدىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى شۇ ئىدىيىنى قانداق ئىپادىلەش مەسىلىسى ئۈستىدە چۈشكەن. ئەنۋەر ھوشۇرنىڭ قارىشىچە سادىر ئەكرەم «بۇ شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يوشۇرۇن ئىدىيىنى ئازراقمۇ ھېس قىلالمىغان ...» ئەمەلىيەتتە قاراپ باقىدىغان بولساق، بۇ شېئىردا ھېچقانداق بىر «يوشۇرۇن ئىدىيە» نىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئىدىيىنى بىر ئوبيېكتىپ توغرىسىدىكى پىكىرلەرنىڭ ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شېئىر تېمىسى ئىلگىرى كۆپ قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى، ھېچبىر شېئىرىي دېتال قوللىنىلمىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز (كونا قېلىپتىن قۇتۇلالماسلىق دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟). شۇنداق تۇرۇغلۇق ئەنۋەر ھوشۇر مۇنازىرە تېمىسىنى بەدىئىيلىك ئۈستىدىن ئىدىيەۋىلىك ئۈستىگە يۆتكىۋەتكەننى ئاز دەپ، خۇددى قىران ئادەمگە نان چايناپ بەرگەندەك «بۇ شېئىردا بىر مېھنەت ئىگىسىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە، خەلقىگە بولغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن» دەپ بىھۇدە تەپسىر ئېيتىدۇ. كىتابخانلىرىمىزنىڭ شېئىردىكى بۇ «يوشۇرۇن ئىدىيە» نى شەرھىسىزمۇ چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىكىنىڭ ئۆزى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق-تە. يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن پىكىرىمىزنىڭ تېخىمۇ دەلىللىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ياشلىقىمنى ئىزدىسەك ئەگەر» ناملىق شېئىر بىلەن يولداش ئابلىكىم روزىنىڭ «توي چاچقۇسى» ناملىق كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «چۈشەنسەڭلار» ناملىق شېئىرىنى كىتابخانلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىگە سۇنىدۇق:

### ياشلىقىمنى ئىزدىسەڭ ئەگەر

«يوقىلىپتۇ ياشلىقىڭ» دەيسەن،
كۆمۈشتەك ئاق چېچىمغا قاراپ.
يول - يول قورۇق قاپلىغان يۈزۈم،
نۇرى كەتكەن كۆزۈمگە قاراپ.

— ياق بۇرادەر يوقالمىغان ئۇ،
بۇ زېمىنغا سىڭىشىپ كەتكەن.
بىرىپ گۈلدەك ھۆسنىنى ئاڭا،
ئۆزى شۇنداق سولىشىپ كەتكەن.

ياشلىقىمنى ئىزدىسەڭ ئەگەر،
يېشىل ئورمان - چىمەنگە قارا.
ۋۇجۇدۇمغا ھوزۇر بېغىشلاپ،
چاقناپ تۇرغان گۈللەرنى پۇرا.

### چۈشەنسەڭلار

سوراپ قالدى بىر كۈن مېنىڭدىن،
يۇرتىمىزنىڭ قىزىقچىلىرى.
«نەدىن كەلدى پېشانىڭىزنىڭ،
چىمىرقۇتتەك سىزىقچىلىرى»

جاۋاب بەردىم: «بۇ سىزىقچىلار،
قېرىلىقتىن بەرمەس بىشارەت.
پېشانەمدىن ئورۇن ئالدى ئۇ،
يۇرتۇم ئۈچۈن چەككەچ رىيازەت.

چۈشەنسەڭلار بۇ سىزىقچىلار،
تەپەككۇرنىڭ دەرياسى ئەسلى.
ئۇندا ئاققان ھەر بىر تامچە تەر،
چىن ھاياتنىڭ مەناسى ئەسلى.

ئابلىكىم روزى 1984 - يىلى 1 - يانۋاردا يازغان «چۈشەنسەڭلار» ناملىق شېئىرىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى — «ياشلىقىمنى ئىزدىسەڭ ئەگەر» ناملىق شېئىر ئاردىن يەتتە يىل ئۆتكەندە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنىپلا قالماي «كىمكى سۇ تەكتە سۇ ئارىلاشتۇرسا داملاپ ساتار» دېگەندەك «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1992 - يىل 29 - ئىيۇلدىكى سانىدا يەنە قايتا ئېلان قىلىندى.

بۇ ئىككى پارچە شېئىردىكى مەنتىقىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىنىڭ ۋە بىر قىسىم تەپسىلاتلارنىڭ، ھەتتا شېئىر شەكلىنىڭ ئاجايىپ ئوخشىشىپ كېتىشى بىزنى «ياشلىقىمنى ئىزدىسەڭ ئەگەر» ناملىق شېئىرنىڭ ئاپتورىغا «بۇمۇ ئىجادىيەت ھېسابلىنامدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇشقا قىستايدۇ. چۈنكى ئىجادىيەت يول تەرمىچى تىرىندىغان ئىش ئەمەس، ئۇ مۇستەقىل ئىجاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قېلىپبازلىق، شەكىلۋازلىق قىلىش ۋە باشقا ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىن تەرمەچ تىرىپ كۆچۈرۈپ قويۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىستىلىغا خىلاپ قىلمىشتۇر.

ئەمدى ئەركىن داۋۇتنىڭ «ياشلىق» ناملىق شېئىرى ۋە بۇ ھەقتىكى بەس-مۇنازىرە ئۈستىدە توختىلىمىز. ئەنۋەر ھوشۇر بۇ شېئىرغا «... ياشلىقنىڭ قۇدرىتىنى ئوبرازلىق تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھەر جەھەتتىن يورۇتۇپ بەرگەن — جۇشقۇن، تېتىك شېئىرلارنىڭ بىرى» دەپ باھا بېرىدۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسىدا مۇئەييەن شېئىرىي ئوبراز ۋە شېئىرىي كارتىنا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. دەرھال ئوقۇماققا شېئىردىكى رەڭدارلىقتىن زوقلانغاندەك قىلىمىز - يۇ، لېكىن ئەستايىدىللىراق نەزەر تاشلايدىغان بولساق، «قان تومۇرۇڭ گۈللەرگە تۇتاش» دېگەن بىر مىسرادىن باشقا يېڭى، ئۆزگىچىرەك بېزەلگەن شېئىرىي دېتالنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەركىن داۋۇت بۇ شېئىردا ياشلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئوبرازلىق نامايان قىلىش مەقسىتىدە «توسۇن تاي»، «تاي»، «تەر»، «ئاسمان»، «بۇلبۇل»، «قۇياش»، «ئوت»، «گۈل»، «بۇلاق»، «تەبىئەت»، «بوۋاق» قاتارلىق بىر تالاي مەجازىي ۋاستىلارنى تاللىغان بولسىمۇ ئۇنى قىلىقلاشتۇرۇش ۋە سۈپەتلەشتە باشقىلارنى دوراپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن، ھېچقانچە ئىجادىي مېھنەت سىڭدۇرمىگەن.

مەسىلەن: ئاپتور بۇ شېئىردا ئاسماننى «كۈمۈش ئۈنچە چاچىدۇ» دېسە، بۇلبۇلنى «مەستخۇشلىنىپ كۈي تۆكىدۇ» دەيدۇ. تەبىئەتنى «ناخشاچىغا قۇلاق سالىدۇ» دېسە، بوۋاقنى «تېپچەكلەپ كۈلىدۇ» دەيدۇ. بۇنداق بىر خىل ھەم ئاددىي ئوبرازلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش ئومۇملىشىپ، ئۇرغۇن شائىرلىرىمىزغا نىسبەتەن رېفلېكسقا ئايلىنىپ كەتكەن بىر ئەھۋالدا يەنىلا كونا رامكىدىن قۇتۇلالماسلىق، ئۆز شېئىرلىرىغا يېڭى جان، يېڭى روھ بەخش ئېتەلمەسلىك ئەركىن داۋۇتتەك ياش ھەم مول ھوسۇللۇق شائىرغا نىسبەتەن ئانچە مۇناسىپ ئەمەس، دەپ ئويلايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا «ياشلىق» ناملىق شېئىرنىڭ ئايرىم مىسرالىرىدا يەنە بەزى سۆزلەر ئارتۇقچە قوللىنىلغان. مەسىلەن: «كىرپىكىڭگە قويۇپ دائىم باش»، «ئېرىيدۇ سۇ بولۇپ ئۇرغۇن تاش»، «ناخشاچىغا خوپ سالىدۇ قۇلاق» دېگەن مىسرالاردىكى «دائىم»، «ئۇرغۇن»، «خوپ» قاتارلىق سۆزلەر ۋەزىننى تولدۇرۇش يۈزىسىدىن سىغداپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقانچە مەنا كۈچەيتىش ياكى ئوبرازلارنى روشەنلەشتۈرۈش رولى يوق.

تىنىقىڭدىن چېچەكلەر خۇش ھىد،
قان تومۇرۇڭ گۈللەرگە تۇتاش.
سۆيگۈ ھۆكۈم سۈرگەن ھاياتتا،
قىزىلگۈلنى ئادەتتۇر پۇراش.

شېئىرنىڭ بۇ بىر كۇپلېتى مۇئەييەن مەزمۇن ئىزچىللىقىغا ئىگە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئىككى مىسرا بىلەن كېيىنكى ئىككى مىسرا شېئىرىي كەيپىيات، شېئىرىي تىل جەھەتتىن جىپسىلىشىپ كېتەلمىگەن. ئالدىنقى ئىككى مىسرا ئىنتايىن جەزبىلىك يېزىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى ئىككى مىسرا ئادەتتىكى سۆزلەمە نۇتۇققا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ خىل نۇقسانلار ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

سادىر ئەكرەم «ياشلىق» ناملىق بۇ شېئىر ئۈستىدە توختالغاندا سادىر قىلغان ئىلمىي خاتالىقلارنى ئەنۋەر ھوشۇر كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋە تۈزەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەردە يەنە قايتا تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتۇقكى، دەلىللىك ۋە توغرىلىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ جېنى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىرەر ئەسەرنىڭ ئۇتۇقى ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنىڭ قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شەرھلىشىمىز، بىرەر ئەسەرنىڭ كەمچىلىكى ئۈستىدە توختالغاندا يۈز-خاتىرە قىلماستىن ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز، ھەرگىزمۇ چاپان يېپىش پوزىتسىيەسىنى تۇتماسلىقىمىز كېرەك. قىسقىسى، ئادىللىق بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقارغاندىلا كىتابخانلارنى قايىل قىلىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى، كىتابخانلارنىڭ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقىلى، كىشىلەرگە يېڭى-يېڭى ئېستېتىك زوق بەخش ئېتەلەيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ.

# جۇدالىق پەريادى

## ـ مېھرىبان ئانامنىڭ ۋاپاتىغا يىغىشلايمەن

**ياسىن زىلال**

I

تىغ كۆتەردى باتىنىمدا قىيامەت،
ئاڭلانغاندا قۇلىقىمغا شۇم خەۋەر.
ئاھ، ئانامنى «مەرھۇم»دېدى بىرھەزرەت،
يۈرىكىمنى تىلىپ ئۆتتى مىڭ خەنجەر.

پەرياد سالدىم كۆككە قاراپچىرقىراپ،
ياغدى تەگرى قىسمىتىگە سوئالىم.
ئانا! دېدىم قۇيۇن كەبى پىرقىراپ،
جۇنۇن بولدى باياۋاندا خىيالىم.

كۈن يىقىلدى ئاسمىنىدا روھىمنىڭ،
غۇلاپ كېلىپ تىك تاغلارغا ئۇرۇلدى.
ئالەم تولدى بىر دەھشەتلىك ئۈنگە چىڭ،
ھاياتىمغا ئەسرات بولۇپ تۈيۈلدى.

يالقۇن چۈشتى تاغ ئۈستىگە تۆپىلەپ،
مىڭگەز تەكتى يەردىن تاشتى ئوت ئېقىن.
كۆكتىن چاقماق لاۋا تاشلاپ گۈلدۈرلەپ،
جېنىم يېرىم چىقاي دېدى قېنىدىن.

بۇلۇت سۆيگەن تىك چوققىلار سېرىلدى،
قورام تاشلار ئۇرۇپ ئارچا يىقىلدى.
كۆك پىرقىراپ زېمىن چاك-چاك يېرىلدى،
غايىپ بىر قول بىلەن كېلىم سىقىلدى.

I

نەقەدەر ئۇزاق يول — بەش مىڭ چاقىرىم،
بىر - بىرلەپ قالىدۇ ھەر بىر دانە تاش.
مىڭ يىلدا ئۇلىشار گويا تۈن تاڭغا،
لەھزىلەر قوينىدا دەريا - دەريا ياش.

مەن نەگە بارىمەن، نېمىلەر ئۈچۈن؟
ئانا مۇسىبىتىگە، ياق، مۇمكىن ئەمەس!

يۇلقۇنۇپ جىسمىمدىن سىلكىنىدۇ جان،
ئاھ، ھوشسىز تېنىمنى تاشلايمەن بىرپەس.

ئاھ، قانداق مۇمكىن بۇ، ئاھ قانداق مۇمكىن؟
بۇ چوقۇم قارا چۈش، بۇ ئازغۇن خىيال.
بەلكى چۈش كۆرگەندۇر خەۋەر بەرگەنلەر،
بۇ ئۈچۈر ئالمىشىپ قالدى ئېھتىمال.

بۇ چوقۇم ئالمي ئوي، ئاخىرى يالغان،
ئانام بوسۇغامدا كۈتۈۋالىدۇ.
چاك بولغان ھالىمدىن بولىدۇ ھەيران،
ياشلانغان يۈزۈمگە سۆيۈۋالىدۇ.

«بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ، يوقمۇ مىجەزىڭ؟
قانچە كۈن ئارامداپ يېتىۋال بالام»
دەپ ياستۇق قويىدۇ، ياپىدۇ ئەديال،
قاباھەت خىياللار بولىدۇ تامام.

قايتىدىن تۈزىلىپ قالىمەن شۇچاغ.
مۇھەببەت بولىدۇ مېنىڭ بارلىقىم.
پاتقاقتىن دەرياغا چۈشكەن بېلىقتەك،
باشلىنار بىغۇبار - پاك بالىلىقىم.

يېتىلەپ ئانامنى، ئاڭا ئەركىلەپ،
باغلارغا بارىمەن گۈلدەستە ئىزلەپ.
كېپىنەك قويىمەن ئالقانلىرىغا،
ساھىلدا شېئىرلار ئوقۇيمەن ھەدەپ.

كېچىكلەر قوينىدىن يۈدۈپ ئۆتىمەن،
ھارمايمەن ئاپارغىن دېسە قۇياشقا.
سۆيگۈمدىن بىر يارقىن داستان پۈتىمەن،
شۇ ئىزگۈ سەپەردە ھەر قورام تاشقا،

مەن ئۆزۈم ئېپ قويۇپ ئىرناقلىرىنى ،
بوينۇمغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋالىمەن.
مەن تاراپ چاچلىرىنى ئۆرۈپ چىرايلىق،
ھىدلاپ مىڭ كۆزۈمگە بېسىۋالىمەن...

مۇسىبەت چاقمىقى چاچراتتى مېنى ،
ھىجرانلىق يىللارنىڭ باغرىغا خەنجەر!
نەلەردە يۈردۈم ئاھ، نېمىلەر ئىزلەپ ،
ئاھ، ئىنسان بىچارە ئىكەن شۇ قەدەر.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، توققۇز يېشىمدا،
دەيتتىمغۇ: «ئاسمەن بوينۇڭغا زىنھار.
مەككىگە ئاپارغۇم ئون قېتىم يۈدۈپ،
باقمەن كۆرپىدىن چۈشۈرمەي زىنھار.»

كۆڭلۈمگەگۈلبەرمەي قۇرۇق چۆنتەكلىك،
ئىرىشمەي زىنھارغا ئالتۇندەك تىلەك؛
ئارمانلار ئوت بولدى ئارمان ئىچىدە،
ئەمەلسىز ئەھدىمدىن كۆپ كۆيدى يۈرەك.

بېرەلمەي تۇچ ھالقا چاغلىق نەرسىنى،
كۆڭلۈڭنى ياسىدىم بۇغداي سۆزۈمدە.
شۇ گەپنى يەنە دەپ ئوتتۇز يېشىمدا،
سەزگەنتىم قوقاسنىڭ تەپتى يۈزۈمدە.

«زۇننارنى قاچانراق ئاسىدىكىن-تاڭ،
ئەتىۋار ئوغلىڭىز» دەپ بولسا چاخچاق.
دېگەنتىڭ: بوينۇەغا باقماڭ بالىلىرىم،
كۆڭلۈمگە ئۇ ئاسقان زۇننار بىساناق».

سەن ئالتۇن كۈتمىگەنىدىڭ ئوغلۇڭدىن،
ھەم تاما قىلمىغان تەتىللا - دۇردۇن.
كۈتكىنىڭ: سۈتۈڭنى بۇلغىماسلىقىم،
كۈتكىنىڭ: ناخشامدا دەريانى ئۇدۇن.

كۈتكىنىڭ: ئەجدادقا نەسلداشلىقىم،
كۈتكىنىڭ: چىمەندە گۈل ئوتقاشلىقىم.
كۈتكىنىڭ: ئەل سۆيگەن مەڭزىمدىن سۆيمەك،
كۈتكىنىڭ: يۇلتۇزلۇق كۆكتەك ياشلىقىم.

كۈتكىنىڭ: توغراقتەك چىڭ بەرداشلىقىم،
كۈتكىنىڭ: ۋىجدانغا ئۇيۇلتاشلىقىم.
كۈتكىنىڭ: مۇز تاغقا باغنى قوندۇرۇپ،
قۇملۇقتا مىڭ بۇلاق بولۇپ تاشىمىقىم.

كۈتكىنىڭ:كۆپ بولدى، پۈتكەنلىرىم نۆل،
بولغىنىم بىر قەترە، تىلىگىنىڭ كۆل.
باغ ۋەدە قىلغانتىم ساڭا مەن چەكسىز،
ئۆمرۈمدە تېخىچە چۆل پېتىچە چۆل.

زەرگەرگە تاپشۇراي يۈرىكىمنى مەن،
ئالتۇننىڭ ئورنىدا سوقسۇن بولقىسى.
كۆزلىرىم زۇننارنىڭ كۆزلىرى بولسۇن،
پاك روھىم ئۇنىڭغا جۇلا بولغۇسى.

يالغان قىل بۇ دەھشەتخەۋەرنى تەڭرىم،
ئانامغا ھاياتىم بولسۇن سەدىقەم.
ئايرىلىپ ياشىدۇق بەندىچىلىكتە،
مىڭ ئەپسۇس، داجىماس، ئەمدى دەققەم!!

III

مىڭ كەپتەر ئۇنىدەك بۇقۇلداپ يىغلاپ،
دەشتلەرنى ياشلىرىم ئەيلىدى نەمناك.
تورغايلار يىقىلدى سىم تاناپلاردىن،
قورام تاش زارىمدىن يېرىلدىچاك-چاك.

ئاھ، شۇنداق ماتەمكار كەلسەم يوقجۇدا،
ئانىجان ئالدىمغا چىقتىڭ راستىلا.
چىققاندا مۇسىبەت ئەھلى دار سېلىپ،
جان پەرۋاز قىلغىلى قوپتى تاس-تاسلا.

ئېتىلدىم ئىشىكلەرگە بىتاقەت غەمھال،
مېھرىبان غەمخارىم تاپالماي سېنى.
ئېسىلسام ئاتامغا ئانام قېنى؟ دەپ،
ئاتام ھەم يىغلىدى: ئانىڭىز قېنى؟!

مېھرىڭنىڭ ھىجرىدە كەلسەم ھەر نۆۋەت،
قۇچاقتىڭ باغرىڭغا باغاشلاپ مەھكەم.
قېقىپچاڭ - توپىلارنى ئۇستى-بېشىمدىن،
ياشلانغان كۆزۈمگە سۆيەتتىڭ بىردەم.

بوۋاق بىر بالىنى ئەركىلەتكەندەك،
پەپىلەپ كېتەتتىڭ مېنى جان ئانا.
ساقاللىق مەگزىمگە مەگزىڭنى يېقىپ،
سۆز قېتىپ كېتەتتىڭ مېھرىبان ئانا.

بىر ئاي گەپلىشەتتۇق قېنىشماي زادى،
ئېھ، قانداق كۆڭۈللۈك ئىدى ئۇ سۆھبەت.
تۇتۇشۇپ قولىمىزنى ئولتۇراتتۇققۇ،
ئانا مۇھەببىتىدەك بارمۇ مۇھەببەت؟!

ھەسرەتا، ئىزلىسەم ئانا سەنغۇ يوق،
مۈگدىنىپ ياتىدۇ تۇتقان-قويغىنىڭ.
ئويلايمەن: يان ئۆيدىن چىقمىدىغاندەك،
گويا ئۇرۇلىدۇ خۇشبۇي تىنىقىڭ.

پۈرىدىم باش قويغان ياستۇقلىرىڭنى،
يۈز ئېرتقان لۆڭگەڭگە يۈزۈمنى ياقتىم.
مۇقەددەس بىلىندى سۈپۈرگەڭ ھەتتا،
تايانغان ھاساڭغا سەجدىدە باقتىم.

تەلمۈرۈپ سۈرىتىڭگە ئۈنسىز يىغلىسام،
يېشىمنى سۈرتتۈڭ سەن (سېھرىي تۇيغۇمۇ؟)
چىقىپ سەن رامكىدىن كۈلۈپ بىرتاتلىق،
«كىم رەنجى يەتكۈزدى ئوغلۇم؟» دېدىڭغۇ.

دەرىغا! مىڭ ھەسرەت! تۈمەنمىڭ ئەپسۇس!
جان ئانا بولدۇڭمۇ، ئاھ، مەرھۇم، مەرھۇم؟!
ئانىسىز قالدۇقمۇ بىز بۇ دۇنيادا؟!
بولدۇقمۇ مېھرىڭدىن ئەبەدىلىك مەھرۇم؟!

كىم ئەمدى سىلايدۇ پېشانىمىزنى،
سەن كەبى مېھرىڭگە ئالالايدۇ كىم؟!
كۆرسىتىپ بېرەر كىم نىشانىمىزنى؟
نادامەت قىلدى ئاھ، دىلنى مىڭ تىلىم.

نۇر شەمئى ئىدىڭسەن ھاياتىمىزغا،
سەن سالغان تۇغقانلىق - پەرۋانىلىقنى.
شولاڭغا رىشتىمىز چىگىلگەن ئىدى،
كۆرەرمىز نېچۈكرەك ۋەيرانىلىقنى.

شېخىدىن ئايرىلغان غازاڭ بىز ئەمدى،
نەق ئانا ئاھۇدىن ئايرىلغان كېيىك.
بىز ناگاھ باغرىڭغا ھال چۈشكەن چېچەك،
يېتىملىك ھاياتىڭ پەيزى قانچىلىك؟!

بىز بوران ئۇينىغان دانە - دانە قۇم،
بىز تېڭى كېسىلگەن خەندىسىز بۇلبۇل.
بىزگە لەت-مەسخىرە بېرەر ھەر كۈلكە،
بىز مىسكىن يېتىملىك ئالىمىدە قۇل.

بىر كۆزۈڭ بەكمۇ تەس يۇمۇلۇپتۇمىش،
ئارماندا كەتكەنسەن پەرزەنت غېمىدە.
قانچىلىك تولغانغاندۇ روھىڭ، باللىرىڭ،
پەريادى، ئوت ئاھى زار ئەلىمىدە؟!

شام كەبى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلەردىن،
كۆزۈڭنى سۈگرەرەت ئۈزدۈڭ ئاھ نېچۈك.
لەۋلىرىڭ قىمىرلاپ ئۈنسىز توختاپتۇ،
بار ئىدى بىزلەردىن قانداق كۈتكۈلۈك.

چېھرىدە خۇش كۈلكە چۈشەكىگەندەك،
چىرايلىق كۆز يۇمدى دېيىشتى سېنى.
مەن ئويلاپ بۇ سىرنى يېشەلمىدىم ھېچ،
كۈلكەڭگە سىغدۇردۇڭ زادى نېمىنى.

خۇشاللىق ئاز نېسىپ بولغان ساڭا ئاھ،
ئۆمرىمىز دەرىخىن ياشارتقان يېشىڭ.
بىلمەيمەن تىلىقىپ بىر كۈلگىنىڭنى،
چوڭقۇر بىر مىسكىن ئوي ئىدى دىلكىشىڭ.

غەم بىلەن ئۆتكۈزدۈڭ يېرىم ئەسىرنى،
قان يۇقى بىر يىگنە قولۇڭدىن چۈشمەي.
ياشىدىڭ ئادەملىك غۇرۇرۇڭ بىلەن،
ھېچكىمنىڭ ئالدىدا يىغلاپ پۈكۈلمەي.

ھېممىتىڭ غۇربەتنى يىغلاتقان ھامان،
قۇرىغان ئەمەستۇر پېشانەڭدىن تەر.
سەن بولغاچ لەت بولغان قىيامەت زامان،
بىز ئىدۇق بەھرىڭدە پارلىغان گۆھەر.

سەن پىنھان ياش تۆككەن پەقەت تۈندىلا،
تەڭرىگە يالۋۇرۇپ، سىلىپ مۇناجات.
ئۇخلىغان سىياقتا ياتساق سۆيەتتىڭ،
چوغدەك ياش مەڭزىمگە تاماتتى پات-پات.

بار ئىدى يېشىڭدا ئىسسىق مۇھەببەت،
شۇررىدە قىلاتتى تەپتىدە تېنىم.
زىمىستان تۈنلەرنى سۆيگۈڭ ئىللىتقان،
ئۆتمىگەن يېشىڭسىز تۈنلەر بىر قېتىم.

ئاخىرقى دەقىقەڭ كۈلۈپسەن ئەجەب،
تاۋۇتقا چىقىپسەن ئى، كۈلكە چىراي.
ئېسىت، كۈلەر چاغلىرىڭ ئالدىڭدا ئىدى،
پەريادەي، شۇم پەلەك، ئاھ قانداق قىلاي؟!

ئۇزاپسەن ئالەمدىن، ئېھ، كۈلكە چىراي،
بۇ قانداق مەنزىرە؟ نېچۈك مەنزىرە؟!
بۇ زادى شادلىقمۇ ئۆلۈم ئەكەلگەن؟!
نېمىلەرگىدۇر بۇ ئاچچىق مەسخىرە؟!

IV

ئەزرائىل قانىمىدىم بۇ ئىشىڭغا مەن،
مەيلى سەن جاننى ئال شۇ گۇناھىمغا.
مەيلى سەن مېنى بار دوزىخىڭغا سال،
جەھەننەم كۆيىدۇ بۇ دەم ئاھىمغا.

ياخشىلار ياشىسا بولمامتى ئۇزاق،
يېتىمنىڭ يېشىدىن ياسامتىڭ غىزا.
يېتەتتى بىزلەرگە كەچمىش ئازابمۇ،
بۇ ئەمدى قەيەردە قېپقالغان قازا.

ياۋاشنى، پاك دىلنى تاپىسەن ئانى،
دوزىخى خۇيلارغا كەلمەيسەن يېقىن.
نا ئەھلى ئۆمرىنىڭ بېغى ياشنايدۇ،
ياخشىلار يېشىنى قىلغاچ سەن ئېقىن.

ياخشىلار دۇنيانىڭ زىننىتى ئىدى،
ياخشىلار بولغاچقا ھايات مۆھتىرەم.
ياخشىلار جەننەتكە يىغىلسۇن دەمسەن؟
خۇدانىڭ ئالىمىغۇ ھەم مۇشۇ ئالەم!

بەختىمىز، تەختىمىز، پەخرىمىز ئىدى،
جەننىتىم، بېھىشىم، پىردەۋسىم ئانام.
مىڭ دوزاخ ئازابىنى چەكتىم ھىجرىدە،
سەن قانداق رەھىمسىز، باغرى تاش قارام!

تەڭرىمگە يەتكۈزگىن شىكايىتىمنى،
مەھشەردە ئۈستىڭدىن كۆتۈرىمەن داد.
ماتەملەر ساڭا خۇش مۇزىكا ئىدى،
نېمىشقا باغرىڭنى ئەزمەيدۇ پەرياد؟!

ئانامغا يۈز يىللىق ئۆمۈر تىلىسەم،
نىسپىنى كەم قىلدىڭ، قېنى ئىجابەت؟!
قىرىق يىل ئىبادەت قىلدى ئاللاغا،
ئوتتۇز بەش يىلدا مېھنەت ـ مۇشەققەت.

مېھرىدە چوڭ بولدۇق، گۈل قىستى ئالەم،
نەۋرىلەر كۆزىدە كۈلكە ئەجرىدىن.
پۈت ـ قولى كۈندۈزدە توختىغان ئەمەس،
كېچىدە باش ئالغان قاچان سەجدىدىن.

باغرىمىز قان بولدى يېتىملىك يېتىپ،
پاراسلاپ يۇلۇندى قانىتىلىرىمىز.
گەر تۇيغۇڭ بولغاندا مەيۇسلەنگەنسەن،
يۈرەكنى يارغاندا پەريادلىرىمىز.

بېھىشكە ئېپ كەتتىڭ بېھىش ئانامنى،
قالدۇق بىز جەننەتسىز، ئالەمدە ۋەيران.
بوراندا ئىڭرايدۇ ئۆمرىمىز شېخى،
نىھاللار قايرىلدى، يوپۇرماق خازان.

ئەزرائىل بۇ نېچۈك ھېسداشسىز سەتەم،
ئاللاغا يات ئىشقۇ بۇ بىرەھىملىك؟!
ئايرىلىپ باقسانمۇ سەنمۇ ئانادىن،
تىنغ، پەنجە ئۇرغانمۇ ساڭا يېتىملىك؟!

سەن جاللات تېنىدىن جان يۇلغان ئەمەس،
گۇناھسىز جانغا تىغ چۇشسە ئالەمدە.
بەلكى چاغ بېرىسەن ئۇلارغا يۈز يىل،
كۈلدۈرۈپ ئاھلار كۆك ئۇچقان مەھەلدە.

ئانامنىڭ تېگىدە قۇرت ئۆلمىگەن،
ئۇ ھەققە ئېگىلگەن نىھالدەك يۇمران.
ھاياتى بەك قىسقا، ھاياتى تىلەك،
قۇرىدى ئۇنىڭغا گۈل بەرمەي دەۋران.

ئەللىك يىل يىغلايدۇ بىز بىلەن بىللە،
قەيەردىن پۇتۇلگەن بۇ شورلۇق تەقدىر.
ئەللىك يىل لەھزىلەر غەم يۇرۇپ ئۆتتى،
زەردىگۈش بوپ كەتتى پاك دىل، پاك بېغىر.

ناھايەت ئەكەتتىڭ ئانامنى دادەي،
ئوق ئۇزدى قەيەردىن بۇ قارىغۇ ئەجەل؟!
ئالەمنىڭ خۇۋلىقى پەش قاقتى مەندىن،
بۇ ئەمدى نېمىگە تۆلەنگەن بەدەل؟!

٧

ئانامغا خالايىق جەننەت تىلەشتى،
ئاشۇنداق تىلىمەك راۋامۇ ئاللا؟!
مەنچىغۇ ئانامغا جەننەت ھازىردۇر،
بۇ كېيىم ئالدىڭدا ئەمەستۇر گۇناھ؟!

«دوزاخنىڭ ئازابىدىن بەرمە» دېيىشتى،
بۇ گەپتىن ھېسلىرىم بولدى سەرگەردان.
ئاھ، نېچۇك ئازاب ئۇ دەرگاھىدىكى،
يەتمەمدۇ زاھىردا بىز كۆيگەن خۇمدان؟!

مۇڭ كۆمگەن قەلبىدە ئېتىقادىڭ تاڭ،
نەپىسى ئۈزۈلگەن ئەمەس زىكرىڭدىن.
ئۇمىدكە يول ئاچقان سېنى پاناھلاپ،
نېمىلەر كۈتمىگەندى مېھرىڭدىن؟!

نېمىلەر كۈتمىگەندى مېھرىڭدىن،
بۇردا نان تاپسىمۇ سېنى بەردى دەپ.
«بىسمىللا»ئېيتاتتى ئالسا بىر قەدەم،
روزىدا سەجدىدە ئىدى كېچىلەپ.

ھېچكىمنىڭ ھەققىگە قىيا باقمىغان،
ھېچكىمنىڭ ئەگلىگە قىلمىغان ھەسەت.
ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە بەرمىگەن ئازار،
ھېچكىمنىڭ ھەققىدە قىلمىغان غەيۋەت.

ئۇ مامۇق تۆشەكلەرگە نېسىپ بولمىغان،
ياسىداق قەسىرلەرگە باسمىغان ئاياغ.
قىرلارغا باش قويغان مېھنەت ئىچىدە،
ئېگىزدا كۆن بويى يۇرگەن ھەم ياياق.

ئۇ تالاي تۈنىگەن قىشتا تۈگمەندە،
مىڭ قېتىم كىرگەندۇ تونۇرغا بېشى.
ئۇ كەتمەن كۆتۈرۈپ سۇ تۇتقان تۈندە،
مۇز ئاققان ئېقىندا ئاياغ تىۋىشى.

قۇندۇز چاچ يۇلۇنغان بەدبەخ قوللاردا،
بائىسى چاچ تەگكە - تەۋرۈك مىراس.
زەر ھالقا يۇلۇنغان يىرتىلىپ قۇلاق،
كاچاتلار ئېغىزدىن قان ئالغىنى راست.

دەرىغا! ئەكەتتىڭ ئانامنى خۇدا،
ئاھىمىز باغرىڭنى ئەزمىدى، ئەپسۇس!
ياش قۇرۇپ قان قۇچتى بۇلاق كۆزلەرنى،
بىز يىغلاش ئۇچۇنلا كەلگەنمۇ مەخسۇس.

ئۇ تېخى قانمىغان ھايات ھۆسنىگە،
يادىغا يەتمىگەن قىسمەت تەستىكى.
گۈل قىسىپ قوياتتى قىزلاردەك گاھى،
شوخلانسام كېلەتتى زوقى - مەسلىكى.

ئەلەملەر قەلبىنى قېرىتالمىغان،
شېرىن بىر ئاھاڭدا ئېيتاتتى غەزەل.
كۆكسىدە كۆلىمىگەن بىر تالاي ئارمان،
ئاھ، كۆكۈل كۆزىدىن يىراقتى ئەجەل.

قان يىغلاپ پەرزەنتلەر تۇرسا چۇرىدەپ،
كۆزۈڭنى ئاچقىنا جېنىم ئـانا! دەپ.
كۆلىمىگەن ئارمانلار كۆيسە گۇرۇلدەپ،
كېلەچەك نۇرلىنىپ ئۆتسە تۇزۇپ سەپ.

نەۋرىلەر پىلدىرلاپ يۈرسە قېشىدا،
جۇدۇندا ئىگىرىغان مايسىدەك بەدەل.
يۇرت قەۋمى باسالماي ئىچ ئاغرىقىنى،
رىزالىق تىلىشىپ ياغدۇرسا سوئال.

ئاسانمۇ خۇش دېمەك، رىزالىق بەرمەك،
ئاسانمۇ ئالەمدىن مېھرىنى ئۈزمەك؟!
ئاسانمۇ كۆز يۇمماق ھەممىنى ئۇنتۇپ،
توختايدۇ قانداق بىر دەھشەتتە يۈرەك؟!

ئۇ شۇنداق ھەسرەتتە كۆز يۇمدى، كەتتى...
بىز قالدۇق چاقىرىپ ئەپخانىلىق نىدا.
ئۇ نەدە بىزلەرنى يادلايدىغاندۇر؟
بىز ئۇنى تاپالماي يۈرىمىز بۇندا.

ياشايمىز جان قۇچقان ئاتەش ئارماندا،
ئون يىللاپ تىپىرلاپ سوقىدۇ يۈرەك.
ئۈمىد پەر سىلكىيدۇ تىنماي ۋە لېكىن،
ئۇچار قۇش يۇلتۇزغا يېتەلمىگەندەك...

ئانامغا جەننەت بەرا، جەننەت بەرتەڭرىم!
ئانامغا پەقەتلا جەننـەت راۋادۇر.
ئازارلىق دۇنيانىڭ ئازابى يېتەر،
سېنىڭدىن پەقەتلا شـەپقەت راۋادۇر.

VI

ئادەملەر قەلبىدە تا ئەلمىساقتىن،
ساقلىنىپ كەلمەكتە مـۇنداق ئەقىدە:
«تۇغۇلماق بار ئىكەن، ئۆلمەك بارچوقۇم،
ئۆلگەندىن كېيىن ھەم تۇغۇلماق ھەق-تە!»

ھاياتنىڭ يالقۇنى ئـۆچمەكلىكى راست،
يېڭىدىن قايتا نۇر ئالماقلىقى سىر.
ئېتىلە - ئېتىلمەي لەھەتنىڭ ئاغزى،
ئۇندا تەخ بولارمىش ئاھ مۇڭلىر - نىكىر.

ئۆتۈنەي - پۈكۈلەي مۇنكىر - نىكىرلەر،
سۈر - دەھشەت سالماقلار جېنىم ئانامغا.
سوراقچى دەستىدىن قـەلبىدە مىڭ داغ،
بىغۇبار يۈرىكى لەختە، قان - يارا.

ئۇ سوراق قىلىنغان ئون يىل، ساق ئون يىل،
بەك قەبىھ ئادىمى مـۇنكىر - نىكىرلەر.
ئۇلاردا نە ئىنساب، نە ئەخلاق، ئەقىل،
كۈتكىنى تۆھمەت، قان، ھىيلە - مىكىرلەر.

نە كېچە، نە كۈندۈز سوراقسىز ئۆتكەن؟
مەلئۇنلار ياخشىغا تـۆھمەت يـاپالماي،
مەزلۇملار ئاھىدىن گـۇۋاھلىق كۈتكەن،
جىنايى قىلمىشقا پاكىت تاپالماي.

ئاي گۇۋاھ، كۈن گۇۋاھ، ئەھلى يۇرت گۇۋاھ،
دەھشەتلىك شۇ ئۆتمۈش دەمگە مەن گۇۋاھ.
ئاھ، قانداق چاغلارنى كۆرمىدى ئانام؟!
قاباھەت قوينىدىن ساق چىققان توۋا!

بولدىلا، ئەسلەشمۇ ئـازاب، بەك ئازاب،
سەسكىنىپ كېتىمەن جـالاقشىپ تىترەپ.
ئېيتىڭلار خۇدانىڭ مالايىكلىرى،
سورىماق بولدۇڭلار سىلەر نېمە دەپ؟

سورىماق بولساڭلار، ئـەھۋال سوراڭلار،
مۇلايىم ئاۋازدا بېرىڭلار سالام.
دەرگاھى رەھماندا يۈيۈلسۇن داغلار،
رەھمـىنىڭ رەھمىدىن تاپسۇن ئېھتىرام.

VII

ئانىلار ئانىسى ئەي ئانا زېمىن،
ماڭلىيىم سەجدىگىدە، ئـۆپەي توپاڭنى.
يوق سەندەك مېھرىبان، يوق سەندەك غەمخور،
چاچلىرىم سۈپۈرسۇن چېھرىڭدىن چاڭنى.

سەن ھايات بۆشۈكى، سەن ئـۇلۇغ ئانا،
بىز كەلدۇق دۇنياغا سەندىن تۇغۇلۇپ.
مېھرىڭدە كۆكلەيمىز، ئـۇچىمىز، ئاخىر،
كېتىمىز يەنە بىز ساڭا قوشۇلۇپ.

ئانامنى قوينىڭغا قـويدۇق بىز بۈگۈن،
ئىسسىق ياش، زار-ئەلەم، دۇئاغا ئوراپ.
سەن قۇچتۇڭ يوشۇرۇپ بىزدىن ئەبەدلىك،
بىز قالدۇق ئۈستىڭدە ھـىدىنى ھىدلاپ.

بىز قالدۇق بوراندا يېتىم كېپىكتەك،
شەپەقتـەك يۈزلەرگە قوندى سامان رەڭ.
ئاھ بوستان كىرپىكلەردە مـازار توپىسى،
دىل - بەرگى سەھەردە تىتىلغان لالەڭ.

ئەللىك يىل مۇقەددەم كۆردى ھاياتلىق،
سەدەپتىن دۇر چىققانكەبى پاك ئىنسان.
ئۇ سېنىڭ ۋاپادار، ھايالىق قىزىڭ،
ئۇ مېنىڭ قەدىردان ئانام جانىجان.

ئەللىك يىل تەر تۆكتى، تۈتتى ھازاڭنى،
كۈلكەڭنى تەڭ كۈلۈپ گۈل تىكتىكۆركەم.
ئەللىك يىل باش قويدىسېنىڭسەجدەڭگە،
چاڭ سۈرتتى، قاتتىقراق باسمىدى قەدەم.

«تۇپىدەك ئايال» دەپ نام ئالدى ئەلدە،
دۇنيادا تۇپىدىن پاكراق نېمە بار؟!
ئۆتتى ئۇ ھاياتتا شۇ قەدىردەك،
تۇپىدەك ئۆزىگە قوندۇرماي غۇبار.

ئۇ شۇنداق مېھرىبان ئىللىق ئىدى، ھەي،
ئوخشايتتى غېرىبنى ئىسسىتقان تاڭغا.
باھارنىڭ يېلىدەك ئاقاتتى مېھرى،
كۆكلەمنى بېغىشلاپ روھىي غازاڭغا.

سەن قۇچتۇڭ ئۇنىچىڭ، بىز قالدۇق مەھرۇم،
ئۇگالدۇق، سورۇلدۇق بولۇپ دانە قۇم.
سەن بەلكى خۇشالسەن پەرزەنتۋەسلىدىن،
بىز تا سەن يۇتقىچە ھەسرەتكە مەھكۇم!

ئاسرىغىن پاختىدا چوغ ساقلىغاندەك،
كۆكسۈڭدە تەۋرىتىپ ئەت ئۇنى ئەللەي.
ئۇ ئانا باغرىدا ياتقان بوۋاقتەك،
خىراماں ئۇخلىسۇن ھېچنېمە سەزمەي.

ياۋايى چۈقانلارنى تىڭلاتما ئاڭا،
ئۇقمىسۇن بىز سالغان پەريادلارنى ھەم.
گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغاندەك،
خەيرلىك چۈش كۆرسۇنجەننەتتە ھەردەم.

زەررە چاڭ يولاتما، كۆتۈرەلمەس داغ،
كرىستال قاچىدەك ساقلىغىن ئۇنى!
بىر شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغان كەبى،
ئورنىدىن تۇرسۇن - دە!
ئېھ، مەھشەر كۈنى.
...

VIII

قەبرەڭنى قۇچاقلاپ تۇرىمەن ئانا،
كۆردۈڭمۇ نىمجانە تىترەشلىرىمنى.
سەزدىڭمۇ بۇ مىسكىن بىچارىلىقىم...
كەپتەردەك بۇقۇلداپ ئۇنلەشلىرىمنى.

سەن مېنى بۆشۈكتە تەۋرەتكەن كەبى،
قەبرەڭنى ئەللەيلەپ ئۆتەي دېگەنتىم.
تۈنلىرى يورۇتۇپ مازار بېشىڭنى،
دېگەنىتىم شام بولۇپ يانسۇن پاك تېنىم.

ئاھ، ئۈمىد ئۈمىدكە ئۇلاشمايدىكەن،
مەن يەنە ئالماقچى يىراقلارغا يول.
قەبرەڭنى قەلبىمگە سالدىم خىيالەن،
ھاياتلىق شۇنىلا كۆرەركەن مەقبۇل.

روھىمنى قالدۇردۇم قەبرەگاھىڭدا،
مېھرىمنى تولدۇرۇپ يۇرىكىم بىلەن.
ھىجرىڭنى ئېپ كەتتىم، ۋاراقلىغان ئوت،
ئىچىدە مەڭگۈلۈك كۆيەر جانىۇ تەن!

رىزالىق ئالالمىدىم مۇساپىر بالاڭ،
رازى بول دېيىشكە تارتىمەن ئىزا.
قايتۇرغان ئەمەسمەن قەترە سۈتۈڭنى،
كېرەملىك ئانىسەن، بولغايسەن رىزا!!!

1991 - يىل 9 - ئاي. كېرىيە - ئۈرۈمچى.

✣✣✣✣✣✣✣✣✣✣✣✣✣

# ئۈچ غەزەل

**خالىس**

I

دەپ بىرى: «سالغانىدىم سارايۇ ئايۋان، ساتمىدىم،
بەش تۈمەن ئازمۇ، بىراق، كۆردۈمكى ئەرزان، ساتمىدىم.

كەتسە كەتكەندۇر مېنىڭدىن بىر تۈمەن بۇ ئۆي ئۈچۈن،
بىر تۈمەن غەملەشكىنمۇ جان تىكمىدىم - قان ساتمىدىم.

ھەق ئىكەن بۇ سۆز، چىشىڭنىڭ باردا گۆش يە دېگەن،
كەلدى ئامەت، ئۆي سالۇردا چارۋا - ھايۋان ساتمىدىم».

سۆزلىدى مەنسەپ - ھوقۇقنىڭ پايدىسىدىن بىر ھازا،
ۋە دېدى: «سەندەك بىراۋغا كۈچ ۋە دەرمان ساتمىدىم»

ماختىنىپ شۇنداق ماڭا، تېلىقتى بىر پەس كۈلكىدىن،
توچكىسى بولدى جاۋابىمنىڭكى (جەريان ساتمىدىم):

«ئېھتىمال ساتقاندىمەن سەن ساتمىغاننىڭ ھەممىنى،
ئەمما سەندەك نەپسى كۆزلەپ ئەسلا ۋىجدان ساتمىدىم».

I

ئەي يېزام، كەلدىم ساڭا ئاۋات شەھەرنى تەرك ئېتىپ،
ئاق كېچە - نۇرلۇق كېچە، قايناق سەھەرنى تەرك ئېتىپ.

دوستلىرىم تۇتقاندىمۇ كەلدىم - كېلىشۋەردىم بۇيان،
«يوق پۇشايمانغا قاچا، كەتسەڭ ئەگەر» نى تەرك ئېتىپ.

باقمىدىم ئارقامغا ئەسلا، يۈرمىدىم دىلغۇل بولۇپ،
سەن تامان چاپتىمكى «ئامەت»، «خۇشخەۋەر» نى تەرك ئېتىپ،

يۈلقۇنۇپ قوينىڭغا ئاتتىم مەن ئۆزۈمنى، بىل يېزام،
«يازدا ئاپتاپ، قىش سوغىدىن قىل ھەزەر» نى تەرك ئېتىپ.

ياغدى تەنە يامغۇرى، يۈردۈم گويا پاڭقۇش كەبى،
«كەم ئەقىل، ئەخمەق ئىكەنسەن شۇ قەدەر» نى تەرك ئېتىپ.

داد دېمەي بەردىم چىداش، تەگكەندە تۆھمەت تاشلىرى،
«قوغلىغاچ، تىككەن ئىمىش قۇيرۇق بەدەر» نى تەرك ئېتىپ.

www.uyghurkitap.com



«پەس-ئېگىز» لىك، «چوڭ-كىچىك» لىك ئۈستىدە چوت سوقمىدىم،
ئىشلىدىم خالىس نىيەتتە «زىر - زەۋەر» نى تەرك ئېتىپ.

يوق پۇشايمان، كەلدى پۇرسەت سەن ئۈچۈن تەر تۆككىلى،
رازىمەن، كەلگەن بولاي مىس دەپكى زەرنى تەرك ئېتىپ.

چۈنكى سەن كىمدىك قېنىم تامغان دىياردىم، جەننىتىم،
شۇ ئۈچۈن ئەرزىيدۇ كەلسەم ھەر، قەيەرنى تەرك ئېتىپ.

III

چاكارمەن ئەلگە، بەگ، سۇلتان ئەمەسمەن،
بىراق بەگ پايدا پايخان ئەمەسمەن.
ئەمەستۇر ئەۋرىشىم بەل ۋە ئومۇرتقام،
مۇشۇك ئالدىدىكى چاشقان ئەمەسمەن.

شامالنىڭ رايىغا ھېچ باقمىغايمەن،
چېكىتىسىز گىر، تۇراقسىز سان ئەمەسمەن.
كۆتۈلمەك ئىستىمەيمەن ئەل، ئاۋامدىن،
ئاۋامنىڭ ئوغلىمەن، مېھمان ئەمەسمەن.

تىلەش يوق ئۆزگىلەردىن خەيرى-ئېھسان،
زەبەردەستۇر تېنىم، نىمجان ئەمەسمەن.

بىراۋ كۆڭلى ئەمىن تاپسا خۇشالمەن،
«مېنىڭكۆڭلۈم تېخىۋەيران» ئەمەسمەن.

قەرەلسىزدۇر ھايا تىنىڭ ئىمتىھانى،
سوراقلاردىن شۇڭا ھەيران ئەمەسمەن.
مېنىڭ ئۆمرۈم - ھاياتىم شامغا تىمسال،
ئۆزۈم نەپسى ئۈچۈن قۇربان ئەمەسمەن.

قىلارمەن ئەجرى - مېھنەت ئۈن-تىنىۋىشسىز،
ئەمەلسىزلاپ ئۇرار گەپتان ئەمەسمەن.
مۇراد شۇكى: يولۇمدا قالسا ئىز، بەس.
دېرەكسىز گەر ئىزىم، ئىنسان ئەمەسمەن!

# ئىككى شېئىر

### تەلئەت ئاتاۋۇللا

## بىر ئازغۇنغا سۆزۈم

سالساڭ ماڭا ئۈمىدلىك نىگاھ،
مەسخىرىلىك كۈلەر دېمىقىم.
تاتلىق چۈشلەر سوۋغا قىلساڭ گاھ،
غەزەپلىنىپ تىترەر تىنىقىم.

كۆزۈڭدىكى غېرىبانە مۇڭ،
ئېرىتەلمەس قەلبىمنى ئەبەد.

ئانت ئىچسەڭمۇ «بولاي مەن قۇلۇڭ...»
ئىشەنمەيمەن سۆزۈڭگە پەقەت.

ئىزگۈ كۈيگە بولدى رىتىمداش،
سەندىن زارلاپ ئوقۇغان ناخشام.
پەيدا قىلغاچ يۈرىكىمدە تاش،
سەن ئازغۇنغا ئايلانغان ئاخشام...

## ياشلىق تۇيغۇسى

تومۇرۇمدا دولقۇنلايدۇ قان،
يۈرەك سەكرەر يۇلقۇنغان قۇشتەك.
تارلىق قىلار تۇيغۇمغا جاھان،
قىسمەت ماڭا بىلىنمەر چۈشتەك.

قىلماق بولۇپ دۇنيانى پۈتۈن،
كائىناتقا سىڭىپ كېتىمەن.
تىنچلىق ئىزدەپ ئەل بەختى ئۈچۈن،
يەر شارىنى ھاپاش ئېتىمەن.

## «پايانداز» تېمىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

# ئىككى شېئىر

ئەركىن داۋۇت

## تاشيول ئىشچىسى

مەن مۇھەببەت يولىنى، كارۋاننى،
ئىشقىم بىلەن سۆيىمەن قانماي.
شاۋقۇنلايدۇ كۆتۈرۈپ دولقۇن،
قېنىم گويا تومۇرغا پاتماي.
زوقلىنىدۇ پاك ئەقىدەمگە،
كۆك پەردىسى نۇرلۇق تولۇن ئاي.

بولۇپ ھەمراھ جۇشقۇن ناخشامغا،
قىزىقىشىمنى تارايمەن ھەر يان.
خارابىلىشىپ سولاشقان يانتاق،
جانلىنىدۇ رەڭلىنىپ شۇئان.
سېھىرلىك كۈچكە بېرەلمەي بەرداش،
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايدۇ تۇمان.

خىيال ئىچرە ئايلىنىپ قۇشقا،
مەنزىل تامان تاشلايمەن نىگاھ.
چەكسىز كەتكەن يۆتكەلمە قۇملۇق،
نەزەرىمدە ئاۋات سەيلىگاھ.
ئۇرغۇتىدۇ روھىمنى رەت - رەت،
چاچقۇ چېچىپ ئۈستۈمگە ئىلاھ.

تۆت تاشتۇرۇپ يېقىن - يىراقنى،
ئىچ - ئىچىمدىن يايرايمەن كۈلۈپ.
سېلىپ گىرە بۈيۈك ئارمانغا،
شېرىن ناخشىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ.
چاقماق چېقىپ غالجىر تەبىئەت،
ھومايسىمۇ قاپاقنى تۈرۈپ.

## سېلىشتۇرما

ئانا ئىشلەر ئېتىزدا دائىم،
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ.
بوران چىققان كۈنلىرى تېخى،
توپا، قۇمغا بىر سەت كۆمۈلۈپ؛
ئاشۇ ھالەت، ئاشۇ يوسۇندا،
ئېغىر يۈكنى چىدار كۆتۈرۈپ.

لېكىن ئوغلى ئۆيدە خىرامان،
يوتقانغا ئاھ، ياتار بۆلىنىپ.
تەلپۈكىنى كىيگىنى كىيگەن،
كېسەللەندەك چوڭقۇر چۆكۈرۈپ.
قاچانغىچە ياتار ئۇ شۇنداق،
ئانىسىغا تايىدەك يۆلىنىپ؟

# شېئىرلار

تۇراخۇن ئوبۇل

## سەھرا سۈرىتى

سۈكۈتلەرگە بەرمەيدۇ ئارام،
نەي ئاۋازى ئاڭلاتقان سادا.
تۈيغۇلارنى قىلدۇرۇپ داۋام،
كۈي ئەۋجىدە بالقىيدۇ سەھرا.

تۇمانلارغا باقمايدۇ ئۇپۇق،
قىيالاردىن مارىشىپ قۇياش.

ھالسىرايدۇ تەۋرىنىپ بوشلۇق،
ئوت شارىنى قىلغاندا باغاش.

پايانداز

قىياقلارنىڭ نازلىق تەۋرىشى،
سابالارغا سىرغىتار شەبنەم.
مامكاپ گويا رەڭلەر قىبلىسى،
رەڭ بەرگىدەك كۆرۈنەر ئالەم.
توغراقلاردا يېقىملىق ناخشا،
شامالىلارغا جۆر بولار ئۇزاق.
سۆكسوكلاردا يوق ئامال باشقا،
مۇڭ تۆكىدۇ قۇم ئارا يانتاق.
خىلۋەتتىكى ئويناق شوخ بۇلاق،
مەجنۇنتالغا كۈلۈپ باقىدۇ.
دالا ئىچرە ياڭرىتىپ قوشاق،
چىمەنلەردە ئويناپ ئاقىدۇ.

نەرگىس تەرگەن سەھرا قىزلىرى،
مۇڭلۇق بېقىپ خىيال سۈرىدۇ.
مۇڭ يىگىتنىڭ تەلۋە ئىزلىرى،
گۈل باغلاردا تېنەپ يۈرىدۇ.
كۆي ياڭراتسا شوخ ئەزىم دەريا،
ياش تۆكىدۇ يۇلغۇنلار ئۇزاق.
ساپلىقىدىن تاغنىڭ ھاۋاسى،
ئېلىپ قاچار نەپەسنى يىراق.
مۇڭلۇق كۆي ھەم جۇشقۇن كەيپىيات،
بۆشۈكىدۇر سەھرا ئارىسى.
ئۆتكەچكە بۇ سەھرادا ھايات،
مەن سەھرانىڭ ئەركە بالىسى.

## كۆكۈم مەنزىرىسى

قىزغۇچ يالقۇن قاپلىغان كەڭلىك،
ئالۋۇنلاردا چايقىلار بىرە.
نەمخۇش تۇمان ئۇيۇق سەتەمنى،
چەكسىزلىكتە كۆرسىتەر خىرە.

پەنجىر قىقىپ ئوينىغان شامال،
سۆرەپ يۈرەر يۇمران لويلىنى.
بىر ئىللىق ھىس ئوراپ تۇرىدۇ،
سەھرادىكى كۆكۈم قوينىنى.

جىگدەزارلىق خىلۋەت ئارامگاھ،
كۆرۈنىدۇ يوچۇن مەنزىرە.
بىر جۈپ كەۋدە ئەجەب سىھىرلىك،
بىر ـ بىرىگە سالىدۇ گىرە.

ئاڭلىنىدۇ تاتلىق پىچىرلاش،
ھېتىرقاشلار كۆي تۆكەر ئۇزاق.
ۋىسال ئىزدەپ يۈرگەن نەپەسلەر،
سەزگۈلەردىن جۇپلىشەر ئۇماق.

ۋەدىلەشكەن جۈپ-جۈپ كۆلەڭگە،
سىڭىپ كېتەر كۆكۈم قوينىغا.
لېكىن مۇڭلۇق باقار بىر يىگىت،
مەھەللىدىكى پىنھان ھويلىغا.

## ئاھ، بۇ يۈرەك ئېيتقىن قانداق چىدايدۇ؟

كۆيلىرىمگە كىرە سالار كۆيلىرىڭ،
ئەقىدەڭمۇ ئالدىۋالدى روھىمنى.
چۈشلىرىمنى ئىزدىقتۇردۇڭ تالاي رەت،
مەغرۇرلۇقۇم كۆرسىتەلمەس يولۇمنى.

دولقۇنلانسا قۇندۇز چېچىڭ بېلىڭدە،
دىمىقىمغا مۇشكى ئەنبەر تارايدۇ.
ھەر قارىسام قەلەمقاشلىق يۈزۈڭگە،
ۋۇجۇدۇمنى ئىللىق سېھرىم ئورايدۇ.

كۆي ئەۋجىدە جاراڭلىغان ئاۋازىڭ،
ھەر قەدەمدە يوللىرىمنى تورايدۇ.
گىلاس كەبى گۈلسۇرۇقتەك لېۋىڭدىن،
نازۇك، يۇمران سۆيگۈ ھىدى پۇرايدۇ.

ساھىلىڭدا تېڭىرقىغان مۇڭلىرىم،
ھېتىرقاشتا سەندىن سۆيگۈ سورايدۇ.
گۈدەكلەردەك سەن سۆيگۈنى بەرمىسەڭ،
ئاھ! بۇ يۈرەك ئېيتقىن قانداق چىدايدۇ.

## قىز مەڭزىدەك جۇلالىق سەھەر

قىز مەڭزىدەك جۇلالىق سەھەر،
قارىچۇقۇمنى چاقار نۇر - زىيا.
دالا ياتار يېپىنىپ شەلپەر،
نۇر ئويىنىتار كەڭلىكتە قىيا.
سابالارغا بولۇشار ھەمدەم،
گۈل - چېچەكلەر تەۋرىنىپ لەرزان.
قۇچىقىدا چاقنىتار شەبنەم،
پۈرمە-پۈرمە بەرگلەر ھامان.

دالىلارنى كېزىپ مەن تەمكىن،
قېنىپ - قېنىپ پۇرايمەن ئىپار.
مۇڭ ياغدۇرار دىلىمغا سەلكىن،
تورغاي قىردا ئۇنلىتەر زىلتار.
قۇچىقىدا چاقنىتىپ شەبنەم،
گۈل- چېچەكلەر مەيلىمنى ئۇتار.
تۇيغۇلارنى ئۇلۇغلاپ ھەر دەم،
خىيالىلىرىم سەھرانى قۇچار.

## باھار لىرىكىسى

چىمىلىقلار ئارىسىدا يالىڭاياق،
ماڭىمەن ۋادىلارغا نەزەر تاشلاپ.
ئالدىمدا كېپىنەكلەر ئۇچۇپ لەرزان،
بوستانلار ئارىسىغا كېتەر باشلاپ.
كۆزلەرگە جۇلا تاشلاپ يېشىل ۋادا،
كائىنات سىماسىنى ئۇلۇغلايدۇ.
بۇلبۇللار قونۇۋېلىپ تال ئۇستىگە،
باھارنىڭ ناۋاسىنى تولۇقلايدۇ.
ئاڭلانسا يىراقلاردىن باغ ناخشىسى،
يۈرەكلەر ئۆز ئورنىدا تۇرالمايدۇ.

سەيلىگە چىللاپ ئەنە گۈل بويىغا،
پاقىلار گۈل ئىچىدە كورۇلدايدۇ.
گۈللەرنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈپ شامال،
دىللاردا رەشىك ئوتى ياندۇرىدۇ.
يېشىللىق ئالىمىگە سىلىپ دىلنى،
باھارنىڭ ۋىسالىغا قاندۇرىدۇ.
يېشىل تون كىيىۋالغان دالىلارنى،
شادلىقىم ۋىسالىغا قېتىۋالدىم.
بۇلدىكى گۈزەللىكتىن، سۆزۈكلۈكتىن،
يېشىللىق ئارمانىغا يېتىۋالدىم.

## ئىككى شېئىر

ئابلىكىم مۇساق

### بوۋاقلىقتا قايتسام ئەگەر مەن

سوۋۇمىغىن كىندىك قېنىمنى،
مەڭزىم ئۈچۈن ئانار كەشتىلەپ.
ئالتۇن ئۈزۈك چايقىغان سۇدىن،
ئىچكۈزمىگىن زېرەكلىك تىلەپ.

سۈت پاراشوكى ئەمگۈزمە ئانا،
ئۇغۇزلانسۇن كۆكسۈڭدىن تېنىم.
يۈرىكىڭنىڭ سوقۇشلىرىنى،
تىڭشاپ ياتاي ئانا ھەر قېتىم.

پاكلىقىم چۈن چايقىغان سۇنى،
مەسچىتلەرگە چاچما ئۇلۇغلاپ.
ئىسرىق سالما ساقلىقىم ئۈچۈن،
يول - كوچىدىن تەمەچلەر چوغلاپ.

ماڭا كېرەك، كېرەك پەقەتلا—
كىندىك قېنىم تۆككۈلگەن تۇپراق.
شۇ تۇپراقتا بۆلىگىن مېنى،
ئۆسۈپ باراي بەئەينى تۇغراق.

## دىل سىرىڭنى بىلمەتتىم دىلبەر

چېھرىڭ ئوماق رۇخسارىڭ زىلال،
زىلۋا قامەت سەرۋىگە مىسال.
چاچلىرىڭنى يەلپۈتەر شامال،
ئىگاھلىرىڭ قۇچىدۇ ۋىسال.

كۆيگىنىمنى بىلمىسەن دىلدار،
قەلبىم ساڭا بولغاچ رېھىنتگىن.
چۈشلىرىڭگە كىرسەممۇ لېكىن،
قۇياش كەبى ئاچمايسەن دىدار.

سېنى سۆيۈش بولمىغاچ نېسىپ،
تەنھالىقتا ئۆتسەمەن غەمكىن.
كۆكۈل قۇشۇم ئۇچسىمۇ ئەركىن،
قايتىپ كېلەر دويىنىنى قىسىپ.

## ئىككى مۇخەممەس

**مۇھەممەت كامال**

### كۆرسەت

(مۇھەممەت چاۋارنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە)

قوشۇندىن ئايرىلىپ قالغان كىشىگە سەن جازا كۆرسەت،
چېقىپ قالسا ئەگەر خائىن رەھىم قىلماي قازا كۆرسەت،
ئويۇپ كۆرنى يەنە چوڭقۇر، تىقىپ ئاڭا مازار كۆرسەت،
ئۇلۇغ بەيگىگە چۈشكەندە جاسارەتنى راسا كۆرسەت،
قىرانلىقتا ۋەتەن ـ ئەلگە پاراسەتنى تازا كۆرسەت.

دىلىڭدا چاقنىغان ئەختەر غۇۋالىق كۆرمىسۇن بىردەم،
ئۆمرۈڭ مەنىلىك ئۆتسۇن، دوستىڭغا قىلىپ ياردەم،
سازىڭنى ئېلىپ قولغا، چېلىپ مۇڭلۇق، بولۇپ ھەمدەم،
ۋە يا ئۇندا مۇقام توۋلاپ تىلىڭدىن گۈل تۆكۈپ ھەردەم،
غەزەلخانلىق بىلەن مەشرەپ ئارا پەيزى ناۋا كۆرسەت.

بولمايدۇ رېئاللىق ئۇ كېچە كۆرگەن شېرىن چۈشتەك،
خاتا قىلساڭ تېگەر ئۇندىن ساڭا ئىنئام ئۇچقۇن مۇشتەك،
يولۇقساڭ گەر شىۋىرغانغا چېلىپ تۇرغان قەبىھ پۈشتەك،
چىدام بىرلە ئۈزۈپ ماڭغىن قانات قاققان جەسۇر قۇشتەك،
يىراق مەنزىلگە ئۆرلەشتە ساداقەتلىك جاپا كۆرسەت.

چوڭ بولدۇڭ، ئەقىل تاپتىڭ ۋەتەن باغرىغا تاڭغاندا،
ھايات ئىشقى سېلىپ ئاتەش، چىن قەلبىڭدە يانغاندا،

ئەزىز خەلقىم ساڭا خۇشخۇي تىلەك - ئارزۇنى تاڭغاندا،
ۋەتەن تۇتتى ساڭا كەۋسەر بۈيۈك مەنزىلگە ماڭغاندا،
ئاڭا ئۆتكەلدە ئەجرىڭدىن باھاسىز چىن ۋاپا كۆرسەت.

## ئەۋەتىپتۇ

(توختەۋەھەممەت تۇردىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە)

قازانغان شان - ئۇتۇقلاردىن نىگار شۆھرەت ئەۋەتىپتۇ،
مېنى چىللاپ چېلىش - جەڭگە يەنە غەيرەت ئەۋەتىپتۇ،
«ئۇتۇپ چىقساڭ سېنىڭمەن» دەپ تېخى ھۇججەت ئەۋەتىپتۇ،
قاناتلىق شوخ شامالاردىن نىگارىم خەت ئەۋەتىپتۇ،
سېلىپ خەتنىڭ ئارىسىغا يېڭى سۈرەت ئەۋەتىپتۇ.

قوشاركەن ھەممە ئەل يۇرتتا نىگارنى يېڭى داستانغا،
چۆللەرگە تۆكۈپ ساپ تەر ئۆزگەرتكەچكە بوستانغا،
جاڭگالدىن يوقاپ چاتقال، جاي بەرگەي گۈلىستانغا،
ئوقۇپ خەتنى ھاياجاندىن بېشىم ئۇلاشتى ئاسمانغا،
بىتاپ، تەشنا يۈرىكىمگە شىپا - شەربەت ئەۋەتىپتۇ.

باشلامچى بولۇپ ماڭغاچ سەپ ئالدىدا بەس - بەستە،
يىگىتلەرمۇ ھېرىپ قاپتۇ تېخى تەڭ يولغا يەتمەستە،
ئۇنۇتماپتۇ مېنى ھەر چاغ ساقلاپتۇ قەلب - ئەستە،
ۋاپا گۈلزارىدىن تاللاپ تىزىپتۇ ماڭا گۈلدەستە،
مېنىڭ ئىشقى ئەقىدەمگە رەھىم - شەپقەت ئەۋەتىپتۇ.

ساڭا كۆيگەچ يۈرەك بىتاپ، لېۋىمنىڭ چىقتى چاك - چاكى،
دەرد بىرلە ئۆتەرمەنمۇ ئۆمۈر ئاخىرغىچە تاكى،
كېلەرسەنمۇ مېنى يوقلاپ كۈنلەر بىر كۈنى ياكى،
سېغىندىم بەك سېنى، - دەپتۇ، - قاناتىم بولسىدى كاشكى،
شەپقەتنەك پاك مۇھەببەتكە قەدىر - قىممەت ئەۋەتىپتۇ.

«ساڭا كۆيدۈم، سېنى سۆيدۈم، ئاق يۈزلۈك جېنىم ئاپئاق»،
دېسىمۇ بەزى شالالقلار، كېتىپتۇ «لام» دېمەي تاق - تاق،
سۆيگەن يىگىتنىڭ كەچتى، دېسە بېرىپ جاۋاب ياق - ياق،
مىكىردىن قۇرسا شەيتانلار ساداقەت يولىغا قىلتاق.
يۈرۈپتۇ تەۋرىمەي دادىل، ئېسىل خىسلەت ئەۋەتىپتۇ.

ئاشىققا يىراق كەلمەس دەريا نېرىدىكى قاشلار،
يېتەلمەيدۇ بىراق ئاڭا نا ئۈمىد ھورۇن ياشلار،

كېسىلگەيلەر ئاشۇ يولدا بىراۋنىڭ قولىدا باشلار،
مۇھەببەت باغىمۇ ئارزۇ تىلەكتىن سۇ ئىچىپ ياشنار،
ئەجەب ئالى، گۈزەل بىزنىڭ تىلەك ـ مەقسەت ئەۋەتىپتۇ.

چالساڭچۇ ئەزىز دوستۇم ئارامبەخش راۋابىڭدىن،
قۇتۇلسا مەن كۆيۈك بىرلە كۆڭۈل غەشلىك ئازابىدىن،
ئەۋزەلدۇر چىدام ـ تاقەت خىسلەتلەر تامامىدىن،
قېنى ساقى قەدەھ كەلتۈر قۇيۇپ تاقەت شارابىدىن،
ئىچەي خۇشلۇقتا، دىلدارىم بەخت ـ ئامەت ئەۋەتىپتۇ.

# ئىككى شېئىر

روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

## بەرگەن ۋەدەڭ قۇرۇق يەلمىدى

كېتەرىڭدە كۆزۈڭنى ياشلاپ،
قىيالماستىن ماڭغانىڭنىڭ ئۇزاپ.
مەن لېۋىمنى چىشلەپ قالغانتىم،
ھەسرەت بىلەن ئارقاڭدىن قاراپ.

شۇندىن بېرى يولۇڭغا بېقىپ،
كۈتتۈم شۇنچە كۈتتۈم زارىقىپ.
شوخلۇقۇممۇ خۇشلاشتى مەندىن،
ھەر كۈن سېنى ئويلاپ ياد ئېتىپ.

قېرىپ كەتتى كۈتۈشلىرىممۇ،
بىراق سەندىن خەۋەر كەلمىدى.
دەپباقىنا ۋىجدانىڭ بولسا،
بەرگەن ۋەدەڭ قۇرۇق يەلمىدى.

## ئازغان قىزغا

ئوچۇق ـ يورۇق خۇشخۇي قىزمەن دەپ،
كىمنى كۆرسەڭ قاش ئېتىپ كۈلدۈڭ.
يوللاردىمۇ «دىسكو» غا تولغاپ،
يىگىتلەرگە كۆز قىسىپ يۈردۈڭ.

دەستەك قىلىپ خۇشخۇيلۇقۇڭنى،
قىزلىقىڭنى بىلمىدىڭ ئازراق.
ئاتا ـ ئاناڭ، دوستلىرىڭنىڭمۇ،
ھەق سۆزىگە سالمىدىڭ قۇلاق.

شۇ خۇيۇڭغا بولغاچ مۇناسىپ،
نۇرلۇق يۈزۈڭ، زىبا قامىتىڭ.
بازار تاپتىڭ بىر مەھەل قاتراپ،
كەلدىچەكسىز «بەخت ـ ئامىتىڭ».

ئۆتتى كۈنمۇ، ئايمۇ تىزىلىپ،
خۇشال ـ خۇرام «بەخت» ئىچىدە.
ئويۇن دەپلا قاترىدىڭ ھەر يان،
گاھى كۈندۈز، گاھى كېچىدە.

مانا ئاخىر «بەختىڭ» چېچەكلەپ،
مېۋىسىنى كۆرسەتتى ساڭا.
ئۇ بولسىمۇ ۋۇجۇدۇڭدىكى،
شۇ تۆرەلمە، ئاتىسىز بالا.

مانا بۇگۈن قارىسام مەيۈس،
ئولتۇرۇپسەن كۆزۈڭنى ياشلاپ.
«بەخت» چىللاپ كەلگەن خۇيۇڭمۇ،
كېتىپ قاپتۇ نەگىدۇر تاشلاپ.

ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات قىزچاق،
ئىنسان ئازار شۇنداق گاھىدا.
يېڭىدىن بىر تۆرەلگىن ئۇماق،
خۇي دېگەنمۇ بولسۇن جايىدا.

◁·······························▷

# ئىككى شېئىر

### پاتىگۈل مەتنۇرى

## يۇرت سۆيگۈسى

ئانامنىڭ مېھرىدە كىردى قەلبىمگە،
يۇرتۇمنىڭ سۆيگۈسى، ئىشقى ۋە مېھرى.
بالىلىق چۈشۈمگە كۈۋاھدۇر يەنە،
يۇرتۇمنىڭ تاڭدىكى كۈمۈشرەڭ سەھرى.

تومۇزدا سەكرەپ چۆمۈلگەن سۇدا،
بالىلىق شادلىقىم، تۇيغۇلىرىم بار.
«مۆكۈشمەك»، «چالماچەڭ» ئوينىغان جايدا،
تۇپراقتا، تاشلاردا قالغان ئىزىم بار.

ياشلىقىم بېغىدا ئېچىلغاندا گۈل،
ياشناتقان بۇ گۈلنى يۇرتۇم كەۋسىرى.
مول ـ هوسۇل ئەلچىسى كەلگەندە كۈلۈپ،
ياڭرىغان ناخشىمىز سەھەر ئاخشىمى.

يۇرتۇمدا ھاياتتۇر ئەجدادىم روھى؛
يۇرتۇمغا باغلانغان يۈرىكىم رىشتى.
يۇرتۇمدا ياڭرىغان ئىقبال كۈيلىرىم،
يۇرتۇمنى گۈللىتىش ئۆمرۈم ئىستىكى.

## ياپراق قىسمىتى

چۈشىدۇ زېمىنغا قارلار ئۇچقۇنى،
چۈشكەندەك ئاسماندىن ئاپئاق چېچەكلەر.
لېكىن شۇ كوچاڭدىن كېتەلمەيمەن ھېچ،
قەلبىمنى كېزىدۇ شېرىن ئىستەكلەر.

دېرىزەڭ ئىچىگە قارايمەن تىنماي،
تەشنالىق قەلبىمگە ھۆكۈمران يەنە.
نە قىسمەت ئالدىمغا چۈشتى بىر ياپراق،
(كۆزلىرىم ئالدىدا مۇدھىش مەنزىرە).

بىر چاغدا ئىككىمىز ئۈزگەنتۇق ئۇنى؛
ۋىسالنىڭ بېغىدىن ئېلىپ ئەندىزە.
«سۆيگۈمىز شاھىدى يېشىل ياپراقنى،
ساقلايمەن» دېگەنتىڭ، شۇ لەۋزىڭ قېنى؟

نە ئامال، قولۇمغا ئالدىم ياپراقنى،
مۆلدۈردەك تۆكۈلدى ھەسرەت ياشلىرىم.
بايىلا قەلبىمدە بار ئىدى باھار،
ياپراقتەك توڭلىدى ئەمدى تەنلىرىم.

◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦◆◦




سىدىق قاۋۇز

مەن چىپقا ئولتۇرۇپ كۆز تەپتەندىسكە چۆمگەن سېخى تەبىئەتنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى، توغرىسىنى ئېيتقاندا زىيارەتچىسى سۈپىتىدە كۆمۈش بەلباغ ئۈستىدە چېپىپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ھەمراھىم گۇما تاشيول ئوچاستكىسىنىڭ مەسئۇلى سەپەر يېقىندىلا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئوتتۇرا بويلۇق، جۇغى كىچىك كىشى ئىدى. مەن بۇ ئېغىر - بېسىق، كىچىك پېئىل كىشىنىڭ ئېغىزىدىن گەرچە يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ئاجايىپ قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ئاڭلاشقا سازاۋەر بولالمىساممۇ، يىل بويى قاقاس سايلاردىكى جەڭگاھلاردا قان - تەر ئاققۇزۇپ، ئۆمۈر كىتابىنى چىرايلىق نەقىشلەۋاتقان نامسىز تۆھپىكارلار توغرىسىدا يېڭى ئۇچۇرغا ئېرىشكىنىمگە خۇرسەنمەن. ئۇ مېنىڭ «تاشيول قاراۋۇلى ھەققىدە قىسسە» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىمنىڭ كىتابخانلارغا تەسىرات شارابى سۇنۇشى ئۈچۈن ۋاستىلىق رول ئوينىغان قەدىرلىك كىشىمدۇر.

مەن ئاۋۋال قاغىلىق بىلەنگۇما ئارىلىقىدىكى كىچىك تارام ئوچاستكىسىغا يېقىن جايدا تاشيولنى تۇسۇش كويىدا قۇترىۋاتقان «سېرىلىق ئەجدىھا» نىڭ قامالىنى تارمار قىلىۋاتقان ئەزىمەتلەر بىلەن، ئاندىن كېيىن موكويلا① بىلەن مۇجى② ئارىلىقىدا يامغۇر سېلى پەيدا قىلغان لاي-لاتقىلارنى يۆتكەۋاتقان ئىشچانلار بىلەن ئۇچراشتىم. تېخى ھېلىلا بۇ يەل - يېمىش ماكانىدىكى سەر خىل مېۋىلەرنىڭ شېرىن ھىدىنى تەقدىم قىلغان كۆز شاملى بۇ يەردە بورانغا ئايلىنىپ ئۈستى باشلىرىمنى قۇم توزانلىرىغا كۆمدى. ھەيرانمەن، مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا «كويىقاپ» نىڭ ئېغىزى بارمۇ نېمە؟ ئۇ بىردەمدىلا غەلىيان كۆتۈرۈپ، ئۆركەش - ئۆركەش قۇم ئېقىنلىرىنى تاشيول بويلاپ سۈرۈپ كەلمەكتە. مەن بۇنىڭدىن بىزارلىق ھېس قىلدىم. بىراق، تەبىئەتنىڭ بۇنداق قاتتىق - يىرىك مۇئامىلىسىگە كۆنۈپ كەتكەن ئىشچىلار پەرۋاسىز ئىدى.

ئۇلار نېمە دېگەن جەسۇر كىشىلەر ـ ھە؟!
يۈرىكىم ئۇلارنىڭ ئۆنىمىز كۆيـلىرىـنى،
ئوتلۇق تىنىقلىرىنى، پاك سۆيگۈگە تول ـ
غان يۈرىكىنىڭ كۆپۈلدەپ سـوقۇشلىرىنى
ئاڭلاۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ چاقناپ تۇر ـ
غان كۆزلىرىدىن، مېتىن ـ گۈرجەكـلىرىـ
نىڭ «تاق ـ تۇق» ساداسىدىن ئۆز كەسـ
پىگە بولغان مېھرى ـ ئىشتىياقىنى، ۋە ـ
تەنگە بولغان سەممىي ساداقىتىنى سەز ـ
سەم، ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان ئـاپتوموبىل
كارۋانلىرىـنىڭ نوتىغا چۈشمەيدىغان بىر
خىل رىتىمدىكى ناخشىلىرىدىن ئـۇلارنىڭ
بەختىنى كۆرۈۋاتىمەن.

12 ـ ئاۋغۇست بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۈ ـ
زۈلمەي ياغقان يامغۇر ئابىھايات سۈيىـ
دەك، قاغجىراپ ياتقان چۆللەرنىڭ تەشـ
نالىقىنى قاندۇردى. گۈل ـ گىياھ، دەل ـ
دەرەخلەرنىڭ ئۈستى ـ باشلىرىدىكى داغـ
لارنى تازىلاپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي گۈزەلـ
لىكىنى نامايان قىلدى. ئارىدىن ئون كۈن
ئۆتۈۋىدى، تاقىر سايلارمۇ قـامغاق، مامـ
كاپ، لويىلىلاردىن يېشىل تاج كىيىپ، يو ـ
لۇچىلارغا ئۆزلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا
باشلىدى. بىراق، ئاسمان ئىلاھى ئۈنچىلا
ئوچۇق ـ يورۇق ۋە رەھىمدىل ئـەمەس.
قارىڭا، شىددەتلىك يامغۇر پەيدا قىلغان
سەل كۆزگە كۆرۈنمەس چىنشلىرى بىلەن
ئاسفالـت يولنى غاجاپ بىر قانچە يەردە
ئويمان ـ كاتاڭ ھاسىل قىلىپ، بىر كىلو ـ
مېتىردەك يەرگە 25 ـ 30 سانتىمېتىر قېلىنـ
لىقتا لاي تاشلاپ، كارۋانلىرىمىزغا بىھۇ ـ
دە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇردى. تووۋا، بىرىگە
ئامەت، بىرىگە ئاپەت! مانا كـۆرۈپ تۇ ـ
رۇپتىمەن، ساغان ئوچاستىكىسىدىكى ئىشـ
چىلار سېمونتتەك قېتىشما بولۇپ كەتكەن
سېغىزنى جوتۇ بىلـەن قېزىپ، گـۈرجەك

بىلەن يولنىڭ سىرتىغا تاشلىماقتا. ئەپـ
تىدىن يالقۇن تەپتى كېلىدىغان ئاشۇ تاـ
قىر سايلاردا ئىشلەش ئادەت بولۇپ كەتـ
كىنى ئۈچۈنمىكىن، دېمىق ئـىسسىق، كۆز
ئاچقۇسىز بوراندا ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا پىـ
شىپ، توزانغا كۆمۈلۈپ كەتكەن چىرايىـ
دىن قىلچىلىك ۋايساش ياكى ھارغىنلىق
ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ قىـ
لىۋاتقىنى بىر ـ ئىككى كۈنلۈككىلا
ئـىش ئـەمـەس، بـەلـكـى ئـايـلاپ،
يىللاپ تۈگىمەيدىغان مەڭگۈلۈك ۋەزىپە.
ئەمما ئۇلار تەشنالىق يېتىپ، لەۋلىرىگە
گەز باغلاپ كەتسىمۇ، ۋابا قۇرتىدەك ماغـ
دۇرىنى شورايدىغان تومـۇزنىڭ پىژغىرىم
ئىسسىقىدا كىيىملىرى تـەرگـە چىلىشىپ
قالسىمۇ ئارام ئېلىشنى ياكى بـۈگۈنكى
ۋەزىپىسىنى ئەتىگە قالدۇرۇشنى ئويلىمايـ
دۇ. جەمئىيەتنىڭ خىزمـەت تـەقسىماتىدا
يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىشتەك ھەج ـ
تاۋاپ بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ساـ
ۋابلىق ئىش ئاشۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكـ
لەنگەن، ئۇلار بۇنىڭ بىـلەن پەخىرلىنىـ
دۇ، ئۇلارنىڭ جاپالىق مېـھنىتى يولۇچىـ
لارنىڭ بەختى. ئۇلار بەئـەينى بوران ـ
چاپقۇن، جۇت ـ شىۋىرغاندا قـەد كۆتۈ ـ
رۈپ تۇرغان توغراق، تىك قىيادىكى قاـ
رىغاي ، جاپا پىچىدە تاۋلانغـان پـولات!
مەن ئاشۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى سۈپىتىـ
دە ساغان ئوچاستىكىسىنىڭ باشلىقى ئابـ
دۇراخمان ئامۇقنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كىـ
تابخانلارنىڭ نەزەرىگە سۇنماقچىمەن.

× ×

ئالدىنقى يىلى ئابدۇراخماننىڭ ۋاقتى
پەۋقۇلئاددە ئالدىراشلىق ۋە جىددىـلىك
ئىچىدە ئۆتتى. چۈنكى بەشـىنچى ئايدىن
تـوققۇزىنچى ئايغىچە دەريا ـ ئېقىنلار سۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن تولۇپ تېشىپ، تەلەيلىك كىشىلەر-
گە ئاتەت چىللىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى
بىلەن ئاپەت ۋە بالا - قازانىمۇ بىللە
ئېلىپ كېلىپ، تاشيول قاراۋۇللىرىنى نۇر-
غۇن تالاپەتكە دۇچار قىلدى. تارىختا كۆ-
رۈلۈپ باقمىغان قارا كەلكۈن بۇزغۇنچى-
لىقتا رېكورت يارىتىپ، چوڭ تارام ئو-
چاستىكىسى بىلەن مۇجى ئارىلىقىدىكى
60 كىلومېتىر دائىرىدە، سەككىز ئاپەت
نۇقتىسىدىن باشقا يەنە تۆت يەردىن يار
پېچىپ، بەش كىلومېتىر يولنى يېرىم مې-
تىر قېلىنلىقتا لايغا كۆمۈۋەتتى. بۇ ھال
يۇرتقا چوڭ يېغىلىق بالاسى كەلگەندەك
ئابدۇراخماننى قاتتىق بىئارام قىلىپ،
تەشۋىشلەر قاينىمىغا ئىتتىرىۋەتتى. لې-
كىن ئۇ، ئېسىنى يىغىپ، قەددىنى رۇسلاپ،
يىگىرمە تۆت يىللىق خىزمەت ئەمەلىيى-
تىدە يېتىلدۈرگەن تەمكىنلىك، ئەستايى-
دىللىق بىلەن مۇناسىپ قەتئىيلىك ۋەشى-
جائەتنى بىرلەشتۈرۈپ «توپان بالاسى»نى
مەغلۇپ قىلىش جېڭىگە ئاتلاندى. تۆت
ئايغىچە ئۇ ئىللىق ئائىلىسىدە بىرەر كۈن
ئارام خۇدا سۇنايلىنىپ يېتىپ، شېرىن
ئۇيقۇنىڭ لەززىتىنى سۈرمىگەنلىكتىن،
ئىسسىققىنا تاماققا داخىل بولمىغانلىق-
تىن ئورۇقلاپ تېرىلىرى قورۇلۇپ قالدى.

× ×

يىگىرمە سەككىزىنچى ئىيول، جۈمە،
كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن چاغ ئىدى.

— تاك، تاك، تاك... ئىشىك جىددىي
چېكىلدى. بۈگۈنكى سۇ رايى توغرىسىدىكى
مەلۇماتلار ئۇنىڭغا بىر ئاز تىنىۋېلىش
پۇرسىتى بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ-
نىڭغا ئارام بولسۇن؟! ئۇيقۇ ئۇۋۇچى-
سى كۆزىگە ئەمدىلا تور سالغان ئابدۇ-
راخمان ئىشىك چەككۈچىنىڭ كىملىكىنى
سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ، كارىۋاتتىن سەكرەپ
تۇردى - دە، ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئائىلى-
سىدىن 30 نەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى مۇ-
جىدا توپتوغرا يىگىرمە سائەت كەلكۈن
بىلەن ئېلىشىپ، تېخى يېرىم سائەت ئىل-
گىرىلا قايتىپ كەلگەنىدى. ھاردۇق يەت-
كەن بولسا كېرەك، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ،
قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى.

— گۇرۇپپا باشلىقى كەلكۈن ... كۆۋ-
رۈك ... ساغان كۆۋرۈكى...ھويلىدا قارام-
تۇل بىر يىگىت ھاسىراپ دۇدۇقلاپ تۇ-
راتتى.

ئابدۇراخمان قوۋلاشمايدىغان بۇ تەر-
تىپسىز گەپلەردىن مۇددىئانى چۈشەندى-
دە، گەپ سوراپ ئولتۇرماي ئۇدۇل سا-
غان كۆۋرۈكىگە كەلدى. گويا ئۈستىدە
لاتقا چايقاپ ئاققان دوغاپتەك سۇ ئۆر-
كىشى سېمونت كۆۋرۈككە تاقاشقانىدى.
سۇ ھەدەپلا كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېقىنىغا
رەتلىك تىزىلغان قورام تاشلارنى يالاپ
كاۋاك ئېچىپ، «جان تومۇر»نى ئۈزۈۋې-
تىش ئۈچۈن يىلاندەك تىل سوزاتتى. تە-
بىئەتنىڭ كۆپ قېتىملىق ئۇشتۇمتۇت ھۇ-
جۇملىرى، تەقدىرنىڭ رەھىمسىز سىناقلى-
رىنى كۆرۈپ يۈرىكى توختىغان بۇ ئادەم
ئەلپازىنى بۇزۇۋاتقان كەلكۈننىڭ ھەي-
ۋىسىدىن ئانچە قورقۇپ قالمىدى. لېكىن
سەگەكلەشتى. مۇبادا كۈتۈلمىگەن ئاپەت
تۈپەيلىدىن «ئومۇرتقا» ئۈزۈلۈپ كېتىش-
تەك ۋەھىمە يۈز بېرىپ قالسا، ئىككىنچى
بىر كۆۋرۈك ئۇياقتا تۇرسۇن يان يول سې-
لىشتىنمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئۇ،
ئون مىنۇت ئىچىدىلا خىزمەتداشلىرىنى
جەم قىلىپ، بىر مەيدان جىددىي جەڭنى
باشلىۋەتتى. ئالدى بىلەن تۆت ھارۋا
جىگدە شېخىنى سىم بىلەن چەمبەرچەس

تېڭىپ، توم چىگە ئارغامچا بىلەن مەھكەم
باغلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى
يىگىرمە توققۇز يىگىتكە تۇتقۇزۇپ سۇغا
تاشلىدى. ئارقان مۇسابىقىسىدا ئىككى
تەرەپ بىر پەس كۈچەپ ئېلىشقاندىن كې-
يىن، ئاخىرىدا كۈچلۈك تەرەپ تارتىپ
كەتكەندەك، تەرسا دولقۇنلار يىگىتلەرنى
سۆرەپ كەتتى. ئارغامچا ئۇلارنىڭ قول-
لىرىنى شىلىپ، ئالقانلىرىدىن «جىرت -
جىرت» قان چىقىرىۋەتتى.

— يىگىتلەر، ھىممەت كۆرسىتىدىغان
سائەتلەر يېتىپ كەلدى، قېنى زاپاس كۈ-
چۈڭلارنى ئىشقا سېلىڭلار!— غەزەپ-
كە كەلگەن ئابدۇراخمان
شۇنداق مۇراجىئەت قىلغىنىچە
گالغا تاقاشقۇدەك سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ،
باغلانمىنى كۈچەپ تارتتى. ئارقىدىن
ئىككى يىگىت دولقۇنغا ئۆزىنى ئېتىپ،
ئۇنىڭغا ھەمدەم بولدى. ئۇ قاتمۇ قات
سىم بىلەن پۈكلەنگەن شاخ - شۇمبىلارنى
سۇ دەم تارتىپ كەتكەن كاۋاكقا جايلاش-
تۇرۇپ، ئۇنى قورام تاش بىلەن باسۇ-
رۇشقا كىرىشكەنىدى. ئۇچىنچى تاشنى شاخ
ئۈستىگە قويغىچە مۇدھىش دولقۇن ئۇنىڭ-
غا قاتتىق ئۇرۇلدى - دە، پۇتى تېيىلىپ
كەتتى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك»
دېگەندەك شۇ چاغدا بەختكە قارشى دو-
ملاپ چۈشكەن بىر قورام تاش ئابدۇ-
راخماننىڭ يوتىسىغا ئۇرۇلندى. شۇنىڭ
بىلەن تەڭ ئۇنىڭ غەيرىتى، كۈچ - ما-
دارى نەگىدۇر يوقالدى. چۈنكى تاش لى-
پىكىنى تىزىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇ
لېۋىنى چىشلەپ، كۈچىنىڭ بېرىچە زورۇ-
قۇپ باققان بولسىمۇ، بولالماي يىقىل-
دى... باشقىلار ئۇنى سۇدىن سۇزۇپ چى-
قىپ، مۇنەججىملەردىن ئاڭلىغان چارىلار،
بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەر بويىچە
پەرۋىش قىلدى.

— ئابدۇراخمان ئۇكا، غەيرىتىڭىزگە
بارىكاللا، سىز بىر كومپارتىيە ئەزاسىغا
لايىق شەرەپلىك مەجبۇرىيەتنى، تاشيول
قاراۋۇلىغا مۇناسىپ مۇقەددەس بۇرچنى
ئادا قىلدىڭىز، - بىر پېشقەدەم ئىشچى
ئۇنىڭ لىپىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، - ئەمە-
دى خاتىرجەم دەم ئېلىڭ، بىز چوقۇم
ئىرادىڭىزگە ۋارىسلىق قىلىمىز. خەيرى-
خاھلىق ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان بىر
جۈپ كۆزى ئابدۇراخماننىڭ تامدەك تا-
تىرىپ كەتكەن جۈدەڭگۈ چىرايىغا تىكىل-
گەن پېشقەدەم ئىشچىنىڭ ئىللىق قولىدىل
تېۋىپلارنىڭ ئۇدۇمى بارمۇ نېمە؟ ئۇ
ئاغرىق ئازابىدىن بىردىنلا يەڭگىپ، پۈ-
تىنى بېسىۋالغان ھېلىقى تاشنى سۇغا
ئېرغىتىۋەتكەندەك بولدى ۋە ئورنىدىن
تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەندى. بۇ «ۋاي-
جان» غا سەۋەب بولغان ئىككى ھاپپال-
نىڭ خاسىيىتى بولۇپ، پېشقەدەم ئىشچى-
نىڭ شىپالىق ئالقانلىرىنىڭ ياردىمىدە
ئۇنىڭ لىپىكى جايىغا چۈشكەنىدى. ئاب-
دۇراخمان ئورنىدىن ئاستا تۇردى. ئۇنىڭ
جاسارىتى قايتىدىن ئۇرغۇپ، تومۇرلىرى-
دىكى ئىسسىق قېنى چەكسىز ئىشەنچ ۋە
ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئۆزگەشلەپ
ئاقتى. شۇڭا «دەم ئېلىڭ» دېگەن سۆز
ئۇنى قاتتىق ئويغا سالدى. چۈنكى ئۇ
ئانچىكى ئىشلارغا دەم ئالىدىغان پۇرسەت-
پەرەستلەردىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئالا-
ھىدە ئادەم ئىدى. يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا
ئابدۇراخماننىڭ كەلكۈن بىلەن ئېلىشىپ
زەخىملەنگەن پۇتى لاۋىدەك سېسىپ، كې-
سىپ تاشلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەت-
كەنىدىمۇ، دوختۇرنىڭ شەرت - پەرھىزلى-

رىگە، قورقۇتۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي، زاڭگۇي ③ دوختۇرخانىسىدىن يوشۇرۇن قېچىپ چىقىپ، كەلگۈنگە قارشى ئالدىنقى سەپتە قايىنامغا ئۆزىنى ئاتقانلىقى، كېيىن دوختۇرنىڭ پەرمانى، تەشكىلنىڭ خەيرىخاھلىقى، ئاممىنىڭ نەسىھەتى بىلەن دوختۇرخانىدا 45 كۈن «نەزەربەنت» قىلىنىپ ساقايغانلىقىدەك تەسىرلىك بىر كارتىنا يول ئاسىرىغۇچىلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق.

1987-، 1988 - يىلىنىڭ تومۇزلىرىمۇ تاشيول قاراۋۇللىرىغا نىسبەتەن ئاپەتلىك پەسىل بولدى. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا زەربىدارلارغا باش بولۇپ بىر قانچە قېتىملىق جەڭدە ياراتقان تۆھپىلىرى شەرەپ خاتىرىسىدە ئالتۇندەك چاقناپ تۇرماقتا.

بارلىقىنى قاتناشنىڭ راۋانلىقىغا بېغىشلىۋەتكەن بۇ كىشىنىڭ نەزەرى يىراقلارغا تاشلاندى. ئىنساننىڭ ھاياتلىق رىشتىنى يۈرەككە چېتىپ تۇرغان ئارتېرىيە تومۇرىدەك، جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر، قىرىقتىن كۆپرەك ناھىيىنى گۈزەل ئاستانە — ئۈرۈمچىگە باغلاپ تۇرغان بۇ ئۇزۇن لىنىيە ئۇنىڭ كۆز گۆھىرى، جېنى ئىدى. بۇ قەيسەر قاراۋۇل يىگىرمە تۆت يىلنىڭ مابەينىدە قاچان بۇ پوزىتسىيىدىن ئايرىلىپ باققان؟!

ئۇ، ئۇچاستكا مەسئۇللىرىنىڭ غەمخورلۇقى، ئاممىنىڭ كۆيۈنۈش، ئاۋايلاش يۈزىسىدىكى دەۋەتلىرىگە ئۆزرە ئېيتىپ يەنە سۇغا چۈشتى. تېخىمۇ ئۇلغىيىۋاتقان كەلكۈن سۈيى ئەپسانىلاردىكى ئوقيا، نەيزە كار قىلالمايدىغان تۆمۈر ساۋۇت، پولات دۇبۇلغا بىلەن نىقابلانغان ياۋ لەشكەرلىرىدەك ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ كېلەتتى. ئۇلار قۇش چاڭگا تىزغاندەك قەۋەت - قەۋەت شاخ - شۇمبا تىزىپ، ئۇنى قورام تاشلار بىلەن ئۈستى - ئۈستىلەپ باسۇرۇپ مۇستەھكەم توساق ھاسىل قىلىپ، ئاخىرى كەلكۈننىڭ تاجاۋۇزىدىن غالىب كەلدى.

× ×

ئازدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتۈپ، دەريا - ئېقىنلاردىكى بەڭباش سۇلار پەسكويغا چۈشكەندە، تاشيول قاراۋۇللىرىنىڭ ھەممىسى مەجلىسخانىغا جەم بولدى. بۈگۈنكى يىغىندا كەلكۈنگە قارشى جەڭدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئۈلگىلەر باھالانماقچى ئىدى. يىغىلىشتىكى مەقسەت - مۇددىئا، باھالاش شەرتلىرى ئىزاھلانغاندىن كېيىن نامزات كۆرسىتىشكە ئىجازەت بېرىلىۋىدى، ھەممەيلەن ئالدىن كېلىشىپ قويغاندەكلا ئابدۇراخماننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتى:

— يولداش ئابدۇراخمان كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشتا ھەم قوماندان ھەم ئەسكەر بولۇپ، جاپادا ئالدىدا تۇردى، يارىلانغاندىمۇ سەپتىن قايتمىدى...

— تۆت ئاي داۋامىدا ئۇ بىرەر كېچە خاتىرجەم كۆز يۇمۇپ، بىرەر يەكشەنبە ھوزۇر دەم ئالغىنى يوق...

— 120 كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن لاي، پۇت - قوللىرىدىن جاراھەت ئۆكسىمىدى...

— يولداشلار، بولدى- بەس،- دېدى ئابدۇراخمان تاقەتسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ،- ئېيتقانلىرىڭلار بەك چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. بىزدە «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن بىر ھېكمەت بار. كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئورتاق

رىشچانلىقى بولمىغىنىدا مەندەك بىر بىچارە شەخس نېمە قىلالايتتى؟! شۇڭا نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆپچىلىككە مەنسۇپ. مېنىڭچە، ئەھەد ئۇستامنىڭ تۆھپىسى ھەممىمىزنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ، ئالتە پاي چاقنى كېچە-كۈندۈز ئايلاندۇرۇپ، ئادەم يۆتكەش، شاخ-شۇمبا، تاش توشۇش، يېمەك-ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا ھەقىقەتەن بىر «زاپاس ئارقا سەپ» لىك رولىنى ئوينىدى. 53 ياشقا بېرىپ قالغان بىر ئادەمنىڭ بۇنداق زور ھىممەت كۆرسىتىشى ماڭا ۋە باشقا يولداشلارغا پۈتمەس-تۈگىمەس ئىلھام. ئۇنى باھالىساق ئەڭ دۇرۇس ئىش قىلغان بولىمىز.

— ياق، مەن قوشۇلمايمەن،— دېدى ئەھەد ئۇستام ئېتىراز بىلدۈرۈپ،— ھەرقانداق ئىشتا تەدبىرلىك، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان بىر باشلامچى بولمىسا نەتىجىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

— توغرا، ئابدۇراخمان دەل شۇنداق ئادەم، ئۇنىڭدەك جاپا-مۇشەققەتنى مەنسىتمەيدىغان، ئۈن-تىنىسىز باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان خالىس نىيەت ئادەمنى باھالىماي...

— مەن قارشى،— دېدى ئابدۇراخمان گەپنىڭ بېلىگە ئۇرۇپ، كۆپچىلىك كۆزلىرىنى چوڭقۇراق ئېچىپ، نەزەرلىرىنى كەڭرەك تاشلاڭلار، مەن سىلەرنىڭ ھەققانى، ئادىل ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن،— ئۇ يېزىلغان خاتىرىنى يىرتىپ ئېلىپ، ئىختىيارىدىن تاشقىرى بىر خىل رەت قىلىش كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە قەغەزنى يۈز پارە قىلىپ تاشلىۋەتتى. ئۇ ھېچقاچان بۇنىڭدەك قاتتىق تېرىكىپ باقمىغان بولۇپ، ئاچچىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتكەنىدى.

ئاشۇنداق مۇنازىرىلەردىن كېيىن ئابدۇراخماننىڭ رەت قىلىشى نەتىجىسىدە ئەھەد ئۇستام «كەلگۈنگە قارشى تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپكە نائىل بولدى. لېكىن ئۇستامنىڭ كۆڭلى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بىر خىل غەشلىك ئىچىدە قالدى.

× ×

ئۇچقۇر يىللارنىڭ يۈگۈرۈك قەدىمىگە ئەگىشىپ، ئابدۇراخماننىڭ تۆھپە تارازىسىدىكى نەتىجىلىرىنىڭ ۋەزنى ئېغىرلىشىپ، كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى، ھۆرمىتى بارغانچە ئېشىپ باردى. تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ شان-شەرەپ ئاتا قىلغاندا، ئۇ مەغرۇرلۇق-قانائەتچانلىقتىن ساقلىنىپ، كەمتەر-ئېھتىياتچانلىقنى، ئىجتىھاتنى دوست تۇتتى. ئۇ، باش ئوچاستكىدا بويىچە بەش يىل ئۇدا ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە بۇ يىل ۋىلايەتنىڭ قاتناش سىستېمىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. بىراق ئۇ، ئۆزىنى ھامان بۇ باھاغا مۇناسىپ ئەمەس، دەپ قاراپ «ئازغىنا نەتىجىلىرىم تەشكىلنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ماڭا قىلغان ئىشەنچىسى، غەمخورلۇقىغا قاي-

تۇرغان جاۋابىم» دېدى. ئۇنىڭ بۇ مەردانە سۆزلىرى يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا سەممىي قەلبىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

× ×

بۇ يىل ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى ئامەت پەرىسى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭغا قاتناش ئىستېمىسىدىكى يەتتە تۆھپىكار بىلەن بىللە جاھاننىڭ بۇ چېتىدىن شىمالىدىكى ئۈرۈمچى، غۇلجا، كۈيتۇن، شىخەنزە، تۇرپاندەك گۈللىنىۋاتقان شەھەرلەرگە بېرىپ، دۇنيانى بىلىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشتەك سائادەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان ئەڭ ياخشى كۈنلەر يېتىپ كەلدى. خوتەننىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ باقمىغان ئابدۇراخمان بۇنداق غەنىمەتتىن ئەلۋەتتە خۇشال بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە تەشكىلگە مەرتەم - مەرتەم رەھمەت ئېيتىمۇ ئانچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتمىدى. جاھاندا ئاشۇنداق ئالىيجاناب «ئەخمەق» لەرمۇ بولىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنى يەنىلا «بۇنداق شەرەپتىن بەھرىمەن بولۇش سالاھىيىتىم يوق» دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاشيولدىن ئىبارەت ئىجىل - ئىناق ئائىلىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. شۇڭا ئۇ ساياھەتكە بارماسلىق توغرىسىدا تەلەپ قويدى. لېكىن ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا تەشكىل بىلەن تەڭ بولالمىدى.

ئابدۇراخمان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، كۆپكۆك ئاسمان دېڭىزىدا يەلكەندەك ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار توپىدىن ھالقىپ ئۆتكەندە، دولقۇنلانغان ھېسسىياتىنى باسالماي قالدى. ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ ھەيۋەتلىك بىنالار بىلەن قاپلىنىپ گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن گۈزەل رەستىلىرىنى، ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە شىنجاڭ خەلق سارىيىنى، خەلق باغچىسى ۋە باشقا زاۋۇت - فابرىكىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ئۆزىنى كىچىككىنە بىر سارايدىن پايانى يوق ئالەمگە چىققاندەك ، تىمتاس ماكاندىن يېقىملىق شاۋقۇن سۈرەنلىرى بىلەن كۆڭۈلدە ھەۋەس قوزغىتىدىغان مۆجىزاتلار دۇنياسىغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قىزىقىپ كۆرگەنلىرى ۋە زېھىن سېلىپ ئاڭلىغانلىرى قەلبخاتىرىسىگە نەقىشلەندى. باش ئوچاستكا سىياسىي يېتەكچىسى ئۇنى «ۋاقىتتىن ئەنسىرىمەي كۆپرەك ئايلىنىڭ، كۆپ كۆرۈپ، كۆپ ئۆگىنىڭ» دېگەنىدى. يىراق تاشيولدىكى كۆڭۈلگە يېقىن جەڭگاھلار، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدىغان خۇش چىرايلار، يۇرت - ماكان ۋە ئائىلىنى سېغىنىش ئىنتىزارلىقى ئۇنى 19 كۈندىلا گۇمىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ تاقىتى شۇنچىلىك بولسا نېمە دېگۈلۈك؟! باشقىلار بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن بولىشىمۇ، ۋۇجۇدىدا كۈچلۈك غايىۋى روھ، ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشى ۋە يۈكسەك كىشىلىك قىممەت قارىشى چاقناپ تۇرغان يېگىتچە بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قايىللىق ھېسسىياتلىرى بىلەن تىزىلغان گۈلدەستىلەرنى تەقدىم قىلىشتى.

1992 - يىل، سېنتەبىر

①②③ گۇما ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرى.

# نەسىرلەر

## ئىككى نەسىر

ئايگۈل روزى

### سۆيگۈ ساداسى

جانانىم مەن ساڭا مەكتۇپ يېزىۋاتىمەن، دەرمانسىز قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترەپ، ئويچان كۆزلىرىم ۋىسال ئارزۇسىدا ياش تۆكۈۋاتىدۇ. يۈرەك قەپىزىمدىن ۋولقان كەبى ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆيگۈ دولقۇنلىرى مېنى ئايرىلىشنىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىرى بىلەن قوشۇپ قىيناۋاتىدۇ.

قەھرىتان قىش.

غاز قانىتىدەك ئاپئاق چۈشۈۋاتقان مامۇق قارلار دېرىزەمنى چېكىپ، كائىناتقا سېخىيلىق بىلەن ئاق لېچەك يايماقتا. قولۇمدا قەلەم، ئۈستەل ئۈستىدە قەغەز. مەكتۇپ مۇھەببەت تېمىسىدىن ئەگىپ، تەبىئەت ھۆسنىگە كۆچتى.

دېرىزىنىڭ نېرىسىدا شەن بىلەن بىر چاغلاردا سۆيگۈ سىرلىرىنى پىچىرلاشقان باغلار، سۈزۈك بۇلاق بويىدىكى بىرىنگە چىرمىشىپ كەتكەن مەجنۇنتاللار تۈلەك ئىچىدە مۇڭداش بولۇپ ئاپئاق لىباسقا پۈركۈنۈپتۇ.

مەن باھار پەسلىدە مۇنبەت تۇپراقتا گۈل - گىياھ تېرىغاندەك مانا ئاپئاق قەغەز ئۈستىگە پاك قەلبىمنىڭ يارقىن سىماسىنى سىزماقتىمەن. ئىشقى پىراقتا كۆيۈۋاتقان قەلەم تۇلپارىم ئاق دالالاردا تاغ سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان چىمەنلىكتە چاپماقتا، مەكتۇپ داۋاملاشماقتا، يۈرىكىم تېپىرلىماقتا ...

ئاھ سۆيۈملۈكۈم، ئېيتقىنا مۇراد گۈلىستانىغا قانداق كىرسەم بولار ؟

ساھىبقىرانلار سارىيىدا تۇرۇپ، ھۆر-غىلمانلار قاتارى ياسىنىپ - تارىنىپ ھېكمەت ئىلاھىدىن قانات ئېلىپ، ئەرشتە پەرۋاز قىلىپ بېھىش ھوزۇرىدىن قانغۇدەك سۈمۈرۈپ، بۇلبۇل مىسالى شادۇ خەندان ئۇرۇپ، ئاشىقلارنىڭ پىرى بولۇپ كىرەيمۇ ؟

يا بولمىسا جاھان ئارا گۈلزار كېزىپ، ۋىجدانىمنىڭ ياڭراق خىتابىنى ئەلگە ئاڭلىتىپ ۋە ياكى يېغىۋاتقان قاردەك بىغۇبار، پاك قەلبىمنى سوۋغا سۈپىتىدە گۈلدەستە قىلىپ، سۆيگۈ مۇقامىمنى ئۆزرىسىز چېلىپ كىرەيمۇ ؟ !

تولۇنئايدەك خۇشچىراي ئېچىپ، ئىنتىزارلىق تۈيغۇسىداۋىسال ئىزدەپ، كۆكسۈمنى خۇشبۇي ھىدقا تولدۇرۇپ كىرەمدىمەن ؟

ھىجران شارابىدا مەست - مۇستەغرىق بولۇپ كىرەمدىمەن - يە ؟ !

ياق، ياق ! سەۋرىلىكىم، ئۇلۇغۋار ئارزۇلار يولىدىكى ئىگىلمەس - سۇنماس ئىرادىلەر، چاقىغان دىللاردىكى پىراق چۇقانلىرى مۇشۇنىڭ بىلەنلا كۇپايە تاپماس ؟ !

دۇرۇس مۇددىئا گۈلىستانىغا ئىجادىم كۆيچىسى بولغان مەڭگۈلۈك ھەم ئوتلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



مۇھەببىتىڭنى غـەزەل بىلىپ ، يۈرەك تا-
رىمنى زەخمەك قىلىپ ، تەپەككۇر قۇشلى-
رىمنى ئەركىن ئۇچۇرۇپ سۆيگۈ ساداسىنى
ھايات دېڭىزىنىڭ شاۋقۇنلىرى بىلەن قو-
شۇپ جاراڭلىق سىمفونىيە قىلىپ ياڭرى-
تاي، ئۇنىڭ «ساما يولى» غا ئاڭلانغۇدەك
جەزبىلىك، مۇڭلۇق كـۈيلىرى ئىلكىدە
ياشلىق ئېتىقادىمدىن غەيرەتلىنىپ ، لى-
رىك قەدەملەر بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ
كىرەي .

شۇنىڭ ئۈچۈنكى ھىجران ئازابىدا تۆ-
كۈلگەن ساپ ھەم قىممەتلىك ياشلارنىڭ
دىدارلىشىشقا بىرەر قېتىممۇ پۇرسەت نې-
سىپ بولمايۋاتقان ئوتلۇق كۆزلەرنىڭ
كۆندۈزلىرى روزىغارى تۈۋمە، تۈندە ئۇي-
قۇدىن بىدار ئاي، كۆڭلەرنى مۇھەببەت-
نىڭ ئاشۇ ئېزىلمەڭگۈ ئاخشىسى بىلەن،
جانسىز قەلەم ۋە ئاجىز تىل بىلەن ئىپا-
دە قىلىپ تۈگىتىش مۇمكىنمۇ؟!

نېچۇنكى ئۈچۈشقا تەلپۈنۈۋاتقان قى-
ران بۈركۈتتەك سەۋرى قامەت تېنىم،سە-
بىي قەلبىم ھىجران ئوتىدا پۇچىلانماقتا.

— ئەي، ئىنسان، كۆلۈۋاتامسەن؟

بولدى،كۆلمە ئاشىقلىق گۇناھ ئەمەسقۇ؟

يۇرىكىم كۆيمەكتە، كۆزۈم ۋىسال كۈن-
لىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلمەكتە.
ۋۇجۇدۇم ساپ ۋىجدان ئوتىدا ئۆرتەنمەك-
تە... قولىقىم تۈۋىدە مىسلىسىز نازۇكھەم
گۈزەل، تەڭداشسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە
ئەڭ ئېسىل، ئەڭ مۇقەددەس، يېقىملىق
بىر كۈي يەنى «سۆيگۈ ساداسى» كۈچلۈك
تەسىر بىلەن يېنىك ياڭرىماقتا!!

## شەبنەم روھى

باھاردا ئالتۇن قۇياشنىڭ نۇرلىرى
ئانا زېمىننى قىزىللىققا پۈركىگەندە شەرق-
تىن كېلىۋاتقان لېۋەن تاڭ شامىللار مەڭ-
زىمگە سۆيۈپ، گۈزەللىك ئىلاھى چېچەك
چاچلىرىمنى مېھرىي بىلەن سىلاپ، كۆيچى
بۇلبۇللار مۇڭلۇق ئاخشىسى بىلەن يۈرەك
ھېسلىرىمنى ئويغىتىپ مېنى گۈلباغقا ئې-
لىپ كىردى.

ۋاھ، نېمە دېگەن ياخشى!

بۇگۈن سەھەردىكى گۈل بـەيلىسى ما-
ڭا ئادەتتىن تاشقىرى كۆكۈللۈك تۇيۇلدى.
مەن چەكسىز بەخت ئىچىدە كۆلۈمسىرەپ،
ھاياجان بىلەن گۈللەرنىڭ ھەر بىر ياپ-
راق، ھەر بىر غۇنچە، ھەتتا قات - قاتلى-
رىغىچە زوقلىنىپ تەپەككۇر كـۆزلىرىمنى
يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم...

راست، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ باھار پەس-
لىدە بوستان چاچلىرىنى كوكۇلائۆرۈپ،
يارىشىملىق دوپپىلار بىلەن چېكىسىگە گۈل
قىسىۋالىدىغان ئادىتى بار ئەمەسمىدى؟

مەنمۇ دەل شۇنداق قىلماقچى بـولۇپ
چىرايلىق ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلنى
ئۈزۈشۈمگىلا ئىككى تامچە سۈزۈك شەبنەم
گۈل بەرگىلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈش-
تى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ۋاقىت-
تا تۇپراققا سىڭىپ كەتتى. مەن ھەيران-
لىق ھەم ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى بىلەن شەب-
نەمگە نىدا قىلدىم:

— ئەي گۈزەللىك گۈلشەنىنىڭ گۈلى،
ئالەمچە خىسلەتنىڭ ئىگىسى شەبنەم!سەن
كېچىچە گۈل قاتلىرىنى يۇيۇپ،نۇر - زىيا
تۆكۈپ گۈلنى كۆز قاماشتۇرغۇدەك جەزبى-
دار قىلدىڭ! مانا ئەمدى زېمىن باغرىغا
تۆكۈلۈپ، تۇپراقنىڭ چاڭقاش - تەشنا-

لىقلىرىنى قاندۇردۇڭ! دېمەك سەن گۈزەلـ
لىك ئۈچۈن ئاپىرىدە بولۇپ گـۈزەللىك
يولىدا قۇربان بولدۇڭ!

بۇ نېمە دېگەن ئالىيجاناب خىسلەت ـ ھە!
ئاھ، شەبنەم، مەن سېنىڭ روھىڭدىن
مېۋە ئانىسى چېچەكنى كۆردۈم. جىسمىڭـ
دىن قەدىردان ئۇستازىمنىڭ ئىز تاشىرىيوتـ
قالغان ياشلىق باھارىنى تاپتىم.
شەبنەم!

سەن چۈشكەن يەردىن غۇچچىدە لەيلىـ
قازاقلارنىڭ ئۈنگەنلىكىنى ئۆز ئەقلىم بىـ
لەن ئېنىق بايقىدىم. سېنىڭدە يېلىنىز خىسـ
.

لىتىڭ بارلىقىنى سەزدىم!

ئېھ، قاشتېشىدەك سۈزۈك شەبنەم، سەن
ئاشۇ سۈزۈكلۈكۈڭ بىلەن ساپلىق ۋە پاكـ
لىقنىڭ سىمۋولى! جىمغۇرلۇقۇڭ بىلەن
تىنچلىقنىڭ شاھىدى! گەرچە سېنىڭ كۆتـ
رىدىغان ئۆمرۈڭ تولىمۇ قىسقا بولسىمۇ
سەن ئۇنى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتكۈزدۈڭ!

شەبنەم ـ سەن نامسىز قەھرىمان! مەن
سېنى ئۆمرۈم بويى مىسلىسىز نازاكەت ۋە
گۈزەللىكنىڭ جەسۇر كۈيچىسى سۈپىتىدە
مەدھىيىلەيمەن. سېنىڭ روھىڭ بىلەن
توختاۋسىز ئالغا باسىمەن!

# ئىككى ئەسىر

ئالىم مەتنۇرى

## ئەرۋاھ

مەن ئەزرائىل بىلەن كۆپ تالاشما يىلا
ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدۇم. چۈنكى مەن
بۇ پانىي دۇنيادا يامغۇردىن بەھرى ئالالـ
مىغان يالغۇز توغراقتەك يەككە ـ يېگانە
ھالدا ئۆزۈم سۆيگەن قىزنىڭ مۇھەببىتىگە
ئېرىشەلمەي ئۆتتۈم.

— ھازىندارلار مېنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ
مېڭىشتى. ھازىندارلارنىڭ قوشاق قېتىپ
ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى مېنىڭ مۇز بولۇپ
قاتقان يۈرىكىمنى ئېرىتالمىدى، مەن يەـ
نە بىر دۇنياغا كەلدىم. بۇ يەردە دەرەخ
بار، ياپراقى يوق. گۈل ئورنىدا يانتاق
ئۆسكەن، ئۇلار مېنى يەرلىكىمگە قويۇپ
قايتىپ كېتىشتى. مەن قەبرىدە تىنا تىنىق
خىيال سۈرىدىم بىلەن تىنچىقىنا ياتقىنىمدا ھاـ
يا تلىقىمدا ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ئاشۇ قىز
گۈلدەستە تۇتقان ھالدا قەبرەمگە كەلـ
دى. ئۇ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ
يىغلىدى. ئۇنىڭ تۆككەن ئىسسىق ياشلىـ
رى مېنىڭ قاتقان مۇسكۇللىرىمنى يۇمشـ
اتتى. مەن كېپەنلىكىمنى يىرتتىم. مېـ
نىڭ چىقىپ كەلگىنىمنى كۆرگەن قىز ئالـ
دى ـ كەينىگە قارىماي قاچتى، مەنمۇ قاچـ
تىم. مەن كۆردىن قېچىپ، ئۇ مەندىن قېـ
چىپ ئىككىمىز توختىماي قاچتۇق.

— ئېيىت... ئېيىت...

كىشىلەر شۇنىڭدىن بېرى مېنى «ئەرۋاھ»
دەپ ئاتاشتى. ئەمما، مەن ئەرۋاھ ئەمەس،
بەلكى مۇھەببەت ئىگىسىدۇرمەن.

**خىياللىرىم**

مەن ئۆرۈك گۈللىگەندە سېنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدىم: چىرايلىق باغ، ھەممە ياق ئاپئاق ئۆرۈك گۈللىرىگە تولۇپ كەتكەن، چېچەكلەردىن تاج كىيىشىپ يازدا بېرىدىغان شېرىن مېۋىسىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرغان ئۆرۈك دەرىخى ئارىسىدىن گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقاپ، مۆكۈمۆكۈلەڭ ئويناۋاتىسەن. مانا، ھەر ئىككىلىمىز بىر-بىرىمىزگە روبىرو كېلىپ ئۆز ئارا تۇتۇلۇپ قېلىشتۇق. ئارقىدىنلا ئۆرۈك دەرىخىگە يۆلىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق. كۈلكىمىز زۇمرەتتەك كۆپكۆك ئاسماندىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ پۈتۈن باغنى تىترىتىۋەتتى. باغ قەلبىمىزدىكى پاكلىقتىن ئۇرغۇغان كۈلكىمىزنى قۇتلۇقلاپ بىزنى چېچەك بەرگىلىرى ئىچىدە قالدۇردى. مەن مۇشۇنداق خاسىيەتلىك كۈندە ساڭا چىن سۆيگۈمنى ئىزھار قىلدىم. سەن قىزىللىقلىنىمۇ خىجىل قىلمىدىغان قىزىرىشىڭ بىلەن مېنى شادلىق دېڭىزىغا چۆمدۈردۈڭ... ئەمەلىيەتتە، سەن مېنىڭ تەلپىمنى رەت قىلغانىدىڭ.

مەن ئۆرۈكلەر مەي باغلاپ پىشقاندا سېنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم... ئاپئاق ئايدىڭ كېچە، يۇلتۇزلار ئۆرۈك يوپۇرمىقى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ پاك ھېسلار مەۋجىدە سوققان بىر جۈپ يۈرەكنىڭ تىترىشىنى تاماشا قىلماقتا.

مەن سېنى ئۇزۇندىن بۇيان جۇدالىق ئوتىدا ئۆرتەنگەن باغرىمغا چىڭ باستىم. سېنىڭ ماڭا يېپىشىشلىرىڭدىن پۈتۈن بەدىنىم لەرزىگە كېلىپ چەكسىز ھارارەت تارقىتىپ دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىڭ بىلەن مېنىڭ يۈرىكىم قوشۇلۇپ ئىككىمىزدە بىر تاللا يۈرەك قالغانىدەك، بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتسەك ياشىيالمايدىغاندەك قىينىشماي تۇردۇق... بىراق، سەن مۆرەڭگە تەككەن قوللىرىمنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتكەنىدىڭ.

مەن ئۆرۈك يوپۇرمىقى سارغىيىپ تەرەپ-تەرەپكە تۆكۈلۈشكە باشلىغاندا سېنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدىم:

ئالدىمىزدا ساپسېرىق ئالتۇن تەڭگىلەردىن پايانداز سېلىنغان، ئۇپۇققا تۇتاشقان يول.

بىز قول تۇتىشىپ ئەتىكى باھارنى كۆزلەپ، تۇنجى ئۇچراشقان باغدەك باغ بەرپا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز. ئەتراپنى كۈز يوپۇرماقلىرى قاپلىغان، قەلبىمىزدە باھار تۇيغۇسى...

مەن ئاشۇ يولدا قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ مېنى ئۇچۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇنغان كۈز شامالىرىغا قارشى قەددىمنى سەل ئېگىپ شۇنداق غېرىب، بىچارەھالدا يالغۇز كېتىۋاتىمەن...

مەن ئۆرۈك دەرىخىدە بىر تالمۇ يوپۇرماق قالمىغان قاپقارا سۈرلۈك بۇلۇتلار جاھاننى ئىلكىگە ئالغان قىش كۈنىدە سېنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدىم...

... ئىللىقىنا ئازادە ئۆي، بەزىسىر تېتىكى جۇدۇن-چاپقۇنلارغا پەرۋا قىلماي كېلەچەك ئۈچۈن تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتقان نەۋرىمىزنىڭ ئىللىق تەبەسسۇملىرىغا زوقلىنىپ مۇھەببەتلىك كۆز بىلەن بىر-بىرىمىزگە مەنىلىك قاراپ كۈلۈشۈپ بۆشۈك تەۋرەتكەچ ئۆز ئىزلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ يارقىن چاقنىشى ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز...

بىراق، مەن يەنىلا يالغۇز ئاشۇ قىشنىڭ
ئۇزۇن ھەم سوغۇق كۈنلىرى قوللىرىمنى
ھورداپ ئۇۋۇلىغاچ ۋىسالىغا يېتەلمىگەن
ئاشۇ قىزنىڭ ئاچچىق ئەسلىمىلىرىنى
سول قولۇمدا، ئوڭ قولۇمدا يەنە شۇ قىز-
غا مۇھەببەت خېتى يېزىۋاتىمەن.

ئەمەلىيەتتە مەن يالغۇز ئەمەس ئى-
دىم، مېنىڭ تاتلىق خىيال‌لىرىم يەنىلا
مېنى ئەتىكى چىرايلىق باھار كۈنلىرىنى
پەرۋاز قىلدۇرۇۋاتاتتى...

◁·································▷

## يۇرۇڭقاش كۆيلىرى

### ئابدۇرىشىت ئىلى

1

— يۇرۇڭقاش ئانا، قارا، قولۇمدىكىنى
نېمە؟

— گۈل.

— ياق! سەن تاپالمىدىڭ، ئوبدان قا-
را، سەن ئۇنى تونۇيسەن.

— ھە بىلدىم ئوغلۇم، سەن تەلىسماتى-
نىڭ سېھرىي ئاچقۇچى يوشۇرۇنغان سېھىر-
لىك گۈلنى ئۈزىۋاپسەن. ئەمما ئوغلۇم بۇ
قۇدرەتنى ساڭا كىم بەردى؟

— سەن بەردىڭ ئانا!

ئانام ئىپتىخار بىلەن يارىكاللا ئېيت-
تىپ مەڭزىمگە سۆيۈپ قويدى.

2

— يۇرۇڭقاش ئانا سېنى سۆيدۇم، ما-
ڭا سۆيگۈ بەردىڭ، ئەمما بىر نەرسىنىڭ
ئىشقىدا كۆيۈۋاتىمەن ... مېنى كۆيدۈر-
گەن نېمىدۇر؟

— ئاڭلاپ تۇر ئوغلۇم، سەن ئىجاد
ئىشقىدا كۆيۈۋاتىسەن ... ئاخىر بىر كۈل-
گە ئايلىنىسەن... شۇ چاغدا مەن سېنى
باغرىمغا باسىمەن. كۆزۈمدىكى ئۈمىد جىل-
ۋىسىگە ئىشەن!

3

— ئەي ساخاۋەتلىك يۇرۇڭقاش ئانا،
مەن ئۇنى بۇگۈنمۇ كۈتۈۋاتىمەن. بىر نەچ-
چە رەت ئالدانديم. نېمىشقىكىن، سەن مې-
نىڭ ئۇنى كۈتۈشىمنى تىلەيسەن. ئۇنىڭ
ھىجرىدە ئازابلىنىپ، مۇھەببەتنىڭ
مەۋجۇتلۇقىدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن...

— ئوغلۇم سەن تېخى كىچىك، ئاستا-
ئاستا ھەممىنى چۈشىنىسەن. كۈتۈش مۇ-
ھەببەتنى يارىتىدۇ. يەنىلا كۈت!!!

4

مەن شائىر. قولۇمدىكى ئاپئاق بەتلىك
چوڭ قاموس... ئۇنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان
قۇرلىرى مېنىڭ كەلگۈسىمنى چاقىرماقتا...
ئۇ ھامان بىر كۈن پۈتىدۇ. ئۇ پۈتكىچە
چاچ - ساقاللىرىم ئاپئاق قاردەك ئاقى-
رىپ كېتىشى مۇمكىن.

مەن يېزىق ئۈستىلىگە قونۇپ، بىردەم
سايراپ، بىردەم ناخشا ئىجاد قىلىۋاتقان
بۇلبۇل... سوغۇق شامال لىرىك ئاۋازىمنى
ئاڭلاپ ئاستا - ئاستا ئويغۇغا كەتتى...
مەن شائىر!!!

ئابلىكىم مەخسۇم

## مەن مۇقەددەس ئادەم

مەن نېمە ئادەممۇ ياكى پەرىشتە،
يۈرەككە يول ئېلىپ ياشاۋاتمەن.
بىلمەن تەختىم بار چوققۇم ئەرشتە،
ئۇچۇشقا بىر گىلەم ياساۋاتىمەن.

1

ئىترىتىپ بەستىمنى غەلىتە خىيال،
قارىچۇقۇم شارابقا تولدۇرۇلغان جام،
ئۆرلەشكە كۆپ قېتىم ئىزدىدىم ئامال،
يىقىلدىم يېتەلمەي مەنزىلگە تامام.

قۇياشقا نەچچە رەت باقتىم تەلمۈرۈپ،
ئۇينايتتىم ئاينىمۇ كۆزۈم ئىچىدە.
ھەسرەتلىك چۈشلەرگە كەتتىم بولۇنۇپ،
يۇلتۇزلار تەۋرەتكەن ئەللەي ئەۋجىدە.

ئارزۇلار، ئارمانلار ھالسىز، قاناتسىز،
كۆڭگىلىق ئىچىدە سىرلارغا ئەسىر.
كېلىۋەر كەچمىشلەر يەنە سۇباتسىز،
ياسايمەن بىر كۈنى ئەرشتە قەسىر.

2

ھەسھەسلەر قەلبىمدە قوزغىغاچ گۇمان،
يىغامتىنى ئاختۇرۇپ كۆلكەمنى تاپتىم.
ئۇشبۇدەم رەقىبلەر ئەجەب پەرىشان،
چۈنكى مەن كېپەننى يىرتىپلا قاچتىم.

مانا مەن بۇجايدا مۇقەددەس ئادەم،
مەندە بار پەرىشتە كەبى بىر سۈپەت.
ئۇچىمەن چەكسىزلىك ئىچىدە بۇدەم،
ھەسرەتتە قالىدۇ ئەزرائىل ئەبەت.

ھەۋەسلىك بېقىشتا تەكرىمۇ بىر رەت،
پېقىرنى قامۇسقا يازىدۇ دەرھال.
نۇر سەپەر قۇياشتەك ئەرشكە بۇ بەت،
بىلسەر شەيتانغا غەلىتە بۇ ھال.

مەمەت ئابلا باقى

## توختاپ قالغان كۆيلەشتىن كاككۇك

توختاپ قالغان سايراشتىن كاككۇك،
سۇكۇناتتا چىمەن ۋە باغلار.
ياپراق ئىتىرەر، كۆزلىرىدە ياش،
پەرىشاندۇر دەريا ۋە تاغلار.

مۇڭ ئىچىدە كۆكتە خىرە ئاي،
دېرىزىگە تۆكەر نۇرىنى،
كۆزنەكتىكى يالغۇز بىر سايە،
مىدىرلاتماس مىسكىن بويىنى.

نازۇك قولى تۇتقان قىزىلگۈل،
كۆزلىرىدە لىغىرلايدۇ ياش.
تېنى قاتقان، يۈزى تاتارغان،
قىز يۈرىكى گويا مۇزلۇق تاش.

مىسكىن كۆزى قادالغان ئۇنىڭ،
بەرگىلىرى سولاشقان گۈلگە.
ئەكىس ئېتەر شۇ گۈل يۈزىدە،
قىز يۈرىكى ئالدانغان كېچە.

# يېڭى زامان خەلق قوشاقلىرى

بېغىمىزدا ئەن يېدىم،
ئۈجمە بىلەن خوتەنكىنى،
تۆغقا نىمىكىن پەرىشتە،
سىزدەك ئوماق - پوندەكنى.

ئېرىق سۈيى ئۇلغايدى،
ئېگىزلەپ قوياي قاشنى.
ئېرىقتا سىزگە ئەۋەتتىم،
كۆزۈمدىن ئاققان ياشنى.

شاخقا قونامدۇ يەزگىمۇ،
ئاسمانىدىكى غازىڭىز.
يۈرىكىمگە ئوت ياقتى،
ئۆز خۇلقىڭىز - نازىڭىز.

قاراقاشتا ئات ئەرزان،
قوي بىلەن كالا قىممەت.
يارىم كەلدى گۈل قىسىپ،
كوچىغا بىرىپ زىننەت.

داستىخاننى تولدۇردۇم،
نازۇ نېمەت ساڭزىغا.
نان ياقىمىز يىشىندۇ،
يۈرىكىمنىڭ ئاغزىغا.

ئاتۇشلۇقنىڭ مانتىسى،
بىر تەخسىدە ئالتىسى.
بىزنى خەقتىن يوشۇرغان،
قېرى سۆگەتنىڭ دالدىسى.

بوران دەيمۇ، شامالمۇ،
تاغدىن چۈشكەن كەلكۈننى.
گۈل - چېچەككە ئوخشاتتىم،
يۈزىڭدىكى سەپكۈننى.

قومۇش بىلەن توقۇدۇم،
گۈل چىقىرىپ بوزىنى،
بىر ئىچىپلا ساقايدىم،
يارىم بەرگەن دورىنى.

× ×

ئەنجۈرۈمنىڭ شېخىغا،
تىرەپ قويدۇم ئاچىنى.
يارىم دەپ يۈرۈپتىمەن،
مۆزنەس بىر گاچىنى.

ئەنجۈر غازىڭى كەڭكەن،
ياڭاقنىڭ ئاڭا تەڭكەن.
قارىسايدىن يار تۇتسام،
كۆڭلى سۇيۇق سەتەڭكەن.

جاڭگالدىكى كېپىكلەر،
پاناھلىدى يۇلغۇننى،
سەنلا خوش قىلالايسەن،
مەندەك كۆڭلى سۇلغۇننى.

ئالدىدا شامال كېلىپ،
كەينىدىن تۇمان كەلدى.
خەت يازسام جاۋابىڭ يوق،
كۆڭلۈمگە گۇمان كەلدى.

پاختا كەلسە ئېتىۋەر،
يۈك كەلسىمۇ ئېتىۋەر.
ئەمدى ماڭا ساقلىماي،
ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەر.

قىشلاپ يېڭى ئۆي سالدىم،
سېمونت بىلەن سۇۋۇتاي.
سېنىڭ تۈزلۈق كىپىڭنى،
قاچانلىقتا ئۇنۇتاي.

× ×

ئۇ تەرەپتىن ئەگىمەك،
بۇ تەرەپتىن ئەگىمەك.

چاقچاق قىلغان كېيىمگە،
بۇنچە ئاسان تەگمەلگى.

تۇخۇم بىلەن قايماقتا،
قىلدىم بۇگۈن ناشتىلىق.
تېگىپتىمەن كۆڭلۈڭگە،
قىلىمەن دەپ ياخشىلىق.

قورقىدىكەن شوپۇرلار،
بوران بىلەن تۇماندىن.
ئايرىلغانغا مىڭ پۇشمان،
قۇرۇق كەپتىن ـ گۇماندىن.

ئەسلى يۇرتىڭىز قۇچى،
ئۆزىڭىز سەتەڭ نوچى.
مەندىن قېچىپ تاپقىنىڭىز،
يانچۇقى قۇرۇق پوچى.

ئۆستەڭدە كۆرۈپ مۇزنى،
چاپان كىيدىم پاختىلىق،
چېشىڭىزغا تەگسەمۇ،
كۆڭلۈمدە يوق ساختىلىق.

ئورۇق پاقلىنىم بارىتتى،
قوناق بېرىپ سەمرىتتىم.
يالغان گەپكە ئىشىنىپ،
دىلىڭىزنى رەنجىتتىم.

بۇ يىل ئەجەب ئوخشاپتۇ،
يېڭى سوزتلۇق پاختىڭىز.
يوقمۇ مېنى ئىزلەشكە،
بىر يەكشەنبە ۋاقتىڭىز.

× ×

ئۇزۇپ يەيدۇ پاقلانلار،
تالنىڭ يومران ئۇچىنى.
چۆرگىلىمەن ھەر كېچە،
ھارىم ماڭغان كوچىنى.

چوڭ ئۆستەڭدە كۆۋرۈك يوق،
ئۆتەلمىدىم ئۇ قاتقا.
ئايلىنارمەن قاچانمۇ،
قانىتى بار قۇشقاچقا.

بىرىنى بىرى قوغلاپ،
كەپتىرىم ئۇنىلەپ تۇرسا.
مېنى كۆيدۈرگەن خېنىم.
يېنىمدا سۆزلەپ تۇرسا.

× ×

كەپتەرلەر چوقۇپ يەيدۇ،
تام سۇۋىغان سېغىزنى.
سىزگە ئاتاپ ساقلىدىم،
ئۈزۈم بىلەن مېغىزنى.

ئەجەب ئوبدان كەلدىڭىز،
چىقارماي نىشان ـ شەپە.
ئاستىڭىزغا مەن سالاي،
ئالتە قات تاۋار كۆرپە.

تېۋىپ گۈلقەنت بۇيرىدى،
مەيدەم ئاغرىيدۇ دېسەم.
ئۆتمەيدىكەن كېلىمدىن،
گۈلقەنتنى يالغۇز يېسەم.

قوشۇلمىدى رىسقىمىز،
تەتۈر مىكىن پېشانەم.
سىزگە دوپپا ئەۋەتتىم،
ئېرىكلىكتىن نىشانەم.

سامساقىمۇ ئەي قىلاي،
پىيازغىمۇ ئەي قىلاي.
مېنى يوقلاپ كەلسىڭىز،
ئالتە تەخسە سەي قىلاي.

سىزنىڭ ئېتىڭىز ئۆمەر،
مېنىڭمۇ ئېتىم قەمەر.
جۇپتەك دېدى خەق بىزنى،
يېشىمىزمۇ باراۋەر.

كۆن ئېگىلدى كەچ بولدى.
شاخ ئېگىلدى پەس بولدى.
سىزگە كۆڭلۈم ئىشقىنى،
ئىزھار قىلماق تەس بولدى.

تۆمۈرچى ئۇستام يۇمشاتتى.
ئوتقا سېلىپ تۆمۈرنى.
ئۆتكۈزەمدىمەن يالغۇز،
ئالتە كۈنلۈك ئۆمۈرنى.

مېنىڭ يارىم ساتىراش،
ئىشى بەكمۇ ئالەىراش.
گۈن ئۆتەركەن مەنىسىز.
ئەر كىشى بولسا ياۋاش.
چىرىغى يوق قازداقتا،
شامنى ياقسام يورۇيدۇ.
مېنى يوقلاپ كەلسىڭىز،
كۆز ياشلىرىم قۇرۇيدۇ.

كۆك شوخلا، قىزىل شوخلا،
يارنى ھەر كۈنى يوقلا.
تۈننى قانداق تاڭ ئاتقۇزار.
سېنىڭدەك ئاشنىسى يوقلا.

× ×

تۈكمەنگە بېرىپ قالساڭ،
خەقكە بەرمە نۆۋەتنى.
ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ،
يۇيىدۇ ئاداۋەتنى.

ئۇ ئېغىلدا ئالا قوي،
بۇ ئېغىلدا قارا قوي،
ھەممە گەپنى تۈگەتمە،
يېرىمىنى چالا قوي.

ئاخشام يوقاپ كەتكىنى،
قايسىڭلارنىڭ چاقمىقى؟
كىمنى كۆرسە ھېجىيىدۇ،
ئەر كىشىنىڭ ئاخمىقى.

ئەمەت ئاكام نامراتتى،
بىيىپ قالدى قوي بىلەن.
ساراڭ يىگىت ساۋۇتمۇ،
جىمىپ قالدى توي بىلەن.

ئۇقۇپ بەرگۇچىلەر: قاراقاش ناھىيە-سىدىن: شاھ مۇھەممەت، ئابدۇخېلىل ئاخۇن، ئابلىمىت قارى، رېھىم راۋاب، مۇھەممەت پەلەك قاتارلىقلار.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت ئىمىن قۇربان.

# نان ۋە قۇرئان

(چۆچەك)

بۇرۇن مەلۇم بىر يېزىدا بىر مۇدەررىس ئۆتكەن بولۇپ، ئىلىم - ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى بىلەن كۆپىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەن. ئۇنىڭ تالىپلىرى ئىچىدە خانزادە، بەگزادىلەردىن تارتىپ كەمبەغەل يېتىم - يېسىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بار ئىكەن. مۇدەررىس تالىپلىرىغا دائىم «بىلىم — تۈگىمەس بىر كان، ئۇنى ھەر قانچە قازسىمۇ ئازلاپ كەتمەيدۇ. كىمنىڭ قانچىلىك قېزىپ پايدىلىنىشى شۇ كىشىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئەجىر سىڭدۇرۇشىگە باغلىق. ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئۈمىدى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ» دەپ تالىپلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۈندەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان تالىپلار بىلەن ئاددىي پۇقرا ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان تالىپلار ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بېرىپتۇ. ئۇلار «ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە قىلىشىپتۇ. مۇدەررىس ئۆز تالىپلىرىنىڭ مۇنازىرىسىگە قىزىقىپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

خانزادە، بەگزادە تالىپلار «ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇھىم نەرسە — «قۇرئانى كەرىم»، ئۇ ئاللاتائالانىڭ ۋەھىيسى ئارقىلىق بەندىلەرنى ئاگاھ ۋە دانا بولۇشقا ئۈندەيدۇ» - دېيىشىپتۇ.

كەمبەغەل تالىپلار بولسا «قۇرئانمۇ مۇھىم، يەنە ئىنسان ئۈچۈن ئاش - نان تېخىمۇ مۇھىم. ئادەم ئوزۇقلىنىپ ھايات تۇرغاندىلا ئاندىن ئىلىم - ھېكمەت ئۆگەنگىلى بولىدۇ»-دەپتۇ.

مۇدەررىس ئۇلارنىڭ بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق بىر - بىرىسىنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، باي تالىپلارغا باش بولغان خەلپەتنى بىر ھوجرىغا، كەمبەغەل تالىپلارغا باش بولغان خەلپەتنى يەنە بىر ھوجرىغا سولاپ قويۇپتۇ. ئاندىن باي خەلپەتنىڭ ئالدىغا قۇرئان ۋە ھەدىسنى قويۇپ توختىماي ئوقۇشقا بۇيرۇپتۇ. كەمبەغەل خەلپەتنىڭ ئالدىغا بولسا بىر تەۋەڭ نان بىلەن قۇرئان ۋە بىر مۇنچە كىتابلارنى قويۇپ ئوقۇشقا بۇيرۇپتۇ. خەلپەتلەر بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ھېچبىر چۈشىنەلمەي ھەر قايسىسى ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇشۇپتۇ.

باي خەلپەت كېچە - كۈندۈز كىتاب ئوقۇپتۇ. لېكىن قۇرئاندىن بىر نەچچە پارە ئوقۇمايلا ئۇنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق قىيناشقا باشلاپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن جېنى ھەلقۇمىغا يېتىپ، ئالدىدىكى قۇرئاننىمۇ ئۇنتۇپتۇ. كەمبەغەل خەلپەت بولسا ۋاقتى-ۋاقتىدا ئوزۇقلىنىپ، ئىلگىرى ئۆگەنگەنلىرىنى تەكرارلاپ، قۇرئانى كەرىمدىن يادلىغان ئايەتلەرنى قىرائەت قىلىپ، بىلىمىنى پىششىقلاپتۇ.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مۇدەررىس تالىپلارنى يىغىپ ئىككى خەلپەتنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان نەرسە ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ بىر پىكىرگە كېلەلمىدىڭلار، بۇنى سىلەرنىڭ خەلپەتلىرىڭلار ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق يېشىپ بېرىدۇ.

(ئاخىرى 96 -بەتتە)

# ئەقلىيە سۆزلەر

### ئاباي قۇنانباي ئوغلى

(1891 ـ يىلى)

## يەتتىنچى سۆز

كىچىك بالىمۇ ئانىدىن تۇغۇلغاندا ئىككى تۈرلۈك مىجەزى بىلەن تۇغۇلىدۇ: بىرسى — يېسەم، ئىچسەم، ئۇخلىسام دەپ تۇغۇلىدۇ. بۇ تەننىڭ خۇمارى، بۇلار بولمىسا، تەن جانغا مېھمانخانا بولالمايدۇ، ئۆزى ئۆسمەيدۇ، قۇۋۋەت تاپالمايدۇ. يەنە بىرسى — بىلسەم ئىكەن دېمەكلىكتۇر، نېمە كۆرسە شۇنىڭغا تەلپۈنۈپ، نېمە ۋال ـ ۋۇل ئەتكەن بولسا ئۇنىڭغا قىزىقىپ، ئاغزىغا سېلىپ، تەمىنى تېتىپ كۆرۈپ، تامىقىغا، يۈزىگە تەگكۈزۈپ كۆرۈپ؛ سۇناي ـ كاناي بولسا ئاۋازىغا قىزىقىپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولغاندا، ئىت قاۋىشىنى، مال چۇرقىراشىنى، بىرسى كۈلسىمۇ، بىرسى يىغلىسىمۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ: «ئۇ نېمە؟ بۇ نېمە؟» دەپ، «ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟»، «بۇ نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟» دەپ كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغانىنىڭ ھەممىسىنى سوراپ ئارام تاپمايدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى: بىلسەم ئىكەن، كۆرسەم ئىكەن، ئۆگەنسەم ئىكەن، دېگەن جاننىڭ خۇمارىدۇر.

دۇنيانىڭ كۆرۈنىدىغان ھەم كۆرۈنمىگەن سىرىنى تولۇق قىلىپ، ئەڭ بولمىغاندا بىرلەپ بولسىمۇ بىلمىسە ئادەمگەرچىلىككە لايىق بولالمايدۇ. ئۇنى بىلمىگەندىن كېيىن، ئۇ جان ئادەم جېنى ئەمەس، ھايۋان جېنى بولىدۇ. ئەزەلدە ئاللا تائالا ھايۋان جېنىدىن ئادەم جېنىنى ئارتۇق قىلىپ ياراتقان، بىلسەم دېيىش شۇنىڭ تەسىرى. ئۇ، قۇۋۋىتى يەتمىگەن، ھېسسىي تولمىغان، ئېسىگە كەلمىگەن ياش بالىلىق. كۆرۈندىكى، «بۇ نېمە؟ ئۇ نېمە؟» دەپ بىر نەرسىنى سوراپ بىلسەم ئىكەن دەپ يۈرگەندە، ئۇيقۇ، تاماقنى يادىمىزدىن چىقىپ كېتىدىغان. خۇمارىمىزنى، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەقىل كىرگەندە ئورنىنى تېپىپ ئىزلىنىپ، ئادىمىنى تېپىپ سوراشتۇرۇپ، ئىلىم تاپقانلارنىڭ يولىغا نېمىشقا چۈشمەيمىز ئىكەن؟

شۇ، ئىلگىرى بېسىپ، ئىلگىرى بېشىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى باستۇرۇشقا خۇمارى بولۇپ، يىغقان خەزىنىمىزنى كۆپەيتىشىمىز كېرەك. بۇ جاننىڭ ئوزۇقى ئىدى، جان تەندىن ئارتۇق ئىدى، تەننى جانغا بويسۇندۇرۇش كېرەك ئىدى. ياق، بىز ئۇنداق قىلمىدۇق، ئۇزاقتىن بېرى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ، قاغىدەك قاقىلدىشىپ، ئاۋۇلدىكى (مەھەللىدىكى) ئىپلاسلىقتىن ئۇزاپ كېتەلمىدۇق. جان بىزنى كىچىك ۋاقتىمىزدا بېيلەپ (ئىدارە قىلىپ) يۈرگەن ئىكەن. چوڭ بولۇپ كۈچ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بويسۇنمىدۇق، جاننى تەنگە بويسۇندۇردۇق، ھېچنەرسىگە كۆڭۈلنىڭ كۆزى بىلەن قارىمىدۇق، كۆڭۈل گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرسا ئىشەنمىدۇق. كۆز كۆرگەن نەرسىنىڭ تېشىنى كۆرگەندىلا ئىشەندۇق. سىرى

قانداق بولۇدىكىن دەپ، كۆڭۈلگە كەلتۈرمىدۇق. ئۇنى بىلمىگەن كىشىنىڭ نېمىسى كېتىپتۇ، دەيمىز؟ بىرسى كۆرگىنىنى ئېيتسىمۇ ئۇقمايمىز. بىرسى ئەقىل كۆرسەتسە: «ئۆز بىلگىنىڭ ئۆزۈڭگە، ئۆز بىلگىنىم ئۆزۈمگە»، «كىشى ئەقلىي بىلەن باي بولغۇچى، ئۆز ئەقلىڭ بىلەن گاداي بول» دېگەن ئەمەسمۇ، دەيمىز. «ھەخۇدا كىمدىن كىم ئارتۇق!» دەيمىز. ئارتۇقلۇقنى بىلمەيمىز، ئېيتىپ تۇرسا ئۇقمايمىز.

دىلىمىزگە يورۇق چۈشمەيدۇ: «كۆڭۈلگە ئىشىنىش يوق. قۇرۇق كۆز بىلەن كۆرگەن هايۋان ــ مالدىن بىزنىڭ نېمىمىز ئارتۇق؟ تېخى باللىق چېغىمىزدا ياخشى ئەمەس ئىكەنمىز. بىلسەكمۇ، بىلمىسەكمۇ «بىلسەك ئىكەن» دېگەن ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەنمىز. ئەمدى بۇ كۈندە ــ هايۋاندىنمۇ يامان بىز. هايۋان بىلمەيدۇ، بىلمەن دەپمۇ تالاشمايدۇ. بىز هېچنەرسە بىلمەيمىز، بىزمۇ بىلمەيمىز دەپ نادانلىقىمىزنى بىلمەكلىككە تېگىشمەي، تالاشقاندىمۇ ئۆلە ـ تىرىلىشىمىزگە باقماي، گۇرەن تومۇرنىمىزنى كۆپۈرۈپ كېتىمىز.

## سەككىزىنچى سۆز

بۇ ئەقىلنى كىم ئۆگىنىدۇ؟ نەسىھەتنى كىم ئاڭلايدۇ؟ بىرسى بولۇس، بىرسى قازى: ئۇلارنىڭ ئەقىل ئۆگىنەي، نەسىھەتنى ئاڭلاي دېگەن ئويى بولسا، ئۇ مەنسەپكە سايلىنىپمۇ يۈرمەس ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ، بىز ئالدىنقى قاتاردىكى ئادەملەر، ئۆزىمىز باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، ئەقىل ئۆگەتمىز دەپ سايلاندى. ئۆزلىرى تۈزۈلۈپ يەتكەن، ئەمدى ئەلنى تۈزەشلا قالغان. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاڭلىسۇن ھەم ئاڭلاي دېسىمۇ قولى تېگەمدۇ؟ بېشىدا ئۆزىگە چۈشلۇق ئىشى بار؛ ئۇلۇغىمىز ئالدىدا ئەيىبلىك بولۇپ قالىمىزمىكىن، ئەلدىكى بۇزۇقلىرىمىزنى، يا بولمىسا خەلقىمىزنى بۇزۇپ ئالىمىزمىكىن، ياكى چىقىم تارتىپ قېلىپ، چىقىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرالماي قالىمىزمىكىن؟ ـ دەپ ئېپىنگە قاراپ: بىرسىنى يەتكۈزەي، بىرسىنى قۇتۇلدۇراي دېگەن ئەمگىكىنىڭ ھەممىسى بېشىدا قولى تەگمىگەنلىك بولىدۇ.

بايلار، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە بىر كۈن بولسىمۇ، بېشىغا دۆلەت قونۇپ، دۇنيانىڭ يېرىمى بېشىدا تۇرىدۇ. ئۆزىدە يوقنى مال بىلەن سېتىپ ئالىدۇ. كۆڭۈللىرى كۆكتە، كۆزلىرى ئاسماندا، ھالاللىق، ھاراملىق، ئەقىل، ئىلىم هېچنەرسە مالدىن قىممەت ئەمەس، دەيدۇ. مال بولسا، خۇدايىتائالانىمۇ پارا بېرىپ ئالداشقا بولىدۇ دەيدۇ. ئۇنىڭ دىنى، خۇدايى، ئەقلىي، يۇرتى، بىلىمى، ئۇيات ـ نومۇسى، يېقىنى — ھەممىسى مال. سۆزنى قانداق ئۇقسۇن، ھەم ئۇقاي دېسىمۇ، چولى تېگەمدۇ؟ ساغماق، تويغۇزماق، سودىسىنى قىلماق، كۆزەتكۈزمەك، باقتۇرماق، ئوغرى ـ بۆرى، قىش، بوران ـ شۇۋۇرغاندىن شۇلاردىن ساقلانماق، ئۇلارنى ساقلاشقا ئادەم تاپماق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جايلاشتۇرۇپ، ئايغىنى يىغىپ ئەپكېلىپ، ماختىنىشقا يەتكۈزۈشى قاچان؟ قولى تەگمەيدۇ. ئەمدى ئوغرى ـ زالىم، يالغانچى شاللاقچىنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىمايدۇ. ئانچە ـ مۇنچە ئىچى تال ـ تال، تېشى پال ـ پال قوي تېرىسى پېچىنغانلارمۇ كۈننى كۆرەلمەي يۈرىدۇ. ئۇلار ئانداق بولۇپ

تۇزغاندا بىلىم، ئىلىمنى نېمە قىلىسۇن؟ يەنە ئىلىم، بىلىم كەمبەغەللىگە كېرىكى يوقتەكلا: «بىزنى نېمە قىلاتتىڭ، ئاۋۇ سۆز ئۇققىدەكلەرگە ئېيت!» دەيدۇ. ئۇنىڭ باشقا بىلەن ئىشى يوق. ئاۋۇ ئالدىدىكى ئۇچىگە ئوخشاش بولغان جانىنىڭ ئويىدا ھېچبىر قايغۇسى - مۇڭى بولمىسا كېرەك.

× × ×

1892 - يىلى

## ئونىنچى سۆز

بىر مۇنچىلار خۇدادىن بالا تىلەيدۇ. ئۇ، بالىنى نېمە قىلىدۇ؟ «ئۆلسەم ئىزىمنى بېسىپ قالسۇن» دەيدۇ. «كەينىمدىن قۇرئان ئوقۇسۇن» دەيدۇ، «قېرىغان ۋاقتىمدا باقسۇن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تىلىكى بارمۇ؟ بالا ئىزىمنى بېسىپ قالسۇن دېگەن قانداق سۆز؟ ئۆزۈڭدىن قالغان مال ئىگىسىز قالامدىكىن دەمسەن؟ قالغان دۇنيانىڭ غېمىنى سەن يېمەكچىمىدىڭ؟ ئۆلۈپ كېتىپ بارغىنىڭدا، باشقىلاردىن قىزغىنىپ ئېيتقىنىڭمۇ؟ باشقىلارغا قىيمايدىغان سېنىڭ نېمە قىلغان ئارتۇقچە ئىشىڭ بار ئىدى؟ بالىنىڭ ياخشىسى — قىزىق، يامىنى — كۆيۈك، بالىنىڭ قانداق بولارىنى بىلىپسۇردىڭ؟ دۇنيادا ئۆزۈڭنىڭ كۆرگەن خورلۇقۇڭ ئازمۇ؟ ئۆزۈڭنىڭ قىلغان ئىشتالىقىڭ ئاز بولدىمۇ؟ ئەمدى بىر بالا تۇغدۇرۇپ، ئۇنىمۇ ئىت قىلىشقا، ئۇنىڭغىمۇ خورلۇق كۆرسىتىشكە نېمانچە خۇمارى بولدۇڭ؟

بالام كەينىمدىن قۇرئان ئوقۇسۇن دېسەڭ: تىرىكلىكىڭدە ئۆزۈڭنىڭ ياخشىلىق قىلغان كىشىلىرىڭ ئۇرغۇن بولسا، كىم ساڭا قۇرئان ئوقۇمايدۇ؟ ئەگەردە يامانلىقنى كۆپ قىلغان بولساڭ، بالاڭنىڭ ئوقۇغان قۇرئانى سېنى نەگە يەتكۈزەلەيدۇ؟ تىرىكلىكتە ئۆزۈڭ قىلمىغان ئىشنى، ئۆلگەندىن كېيىن بالاڭ ئىشلەپ بېرەلەمدۇ؟ ئاخىرەت ئۈچۈن بالا تىلىگىنىڭ، بالام كىچىك چېغىدا ئۆلسۇن دېگىنىڭ، ئەگەردە چوڭ بولسۇن دېسەڭ، ئۆزى چوڭ بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنى قىلتاقتىن قۇتۇلدۇرغۇدەك بالا قازاقتىن تۇغۇلامدىكەن؟ ئۇنداق بالىنى ساڭا ئوخشاش ئاتا سېنىڭ ئېلىڭگە ئوخشاش ئەل بېقىپ، تەربىيىلەپ ئۆستۈرمەكچىمۇ؟

قېرىغاندا باقسۇن دېسەڭ: ئۇمۇ ئىككى تايىن بىر سۆز. ئاۋۋەلى ئۆزۈڭ كۈچۈڭدىن قالغۇدەك قېرىلىققا يېتەلەمسەن، يوقمۇ؟ ئىككىنچى، بالاڭ رەھىمدىللىك بولۇپ، باققۇدەك بولۇپ تۇغۇلامدۇ، يوقمۇ؟ ئۈچىنچى، مېلىڭ بولسا، كىم باقمايدۇ؟ مېلىڭ بولمىسا، نەدىكى يېتەرلىك بېقىش بولىدۇ؟ بالاڭنىڭ ئوقەت گۇزەر بولۇشى، بەدخەج بولۇشى — ئۇمۇ ئىككى تايىن. خۇش، خۇدا يەتسە ئالا بالا بەردى، ئۇنى ئۆزۈڭ تەربىيىلەشنى بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن. بۇرۇنقى ئۆز گۇناھىڭنى ئۆزۈڭ تارتىشنى ئاز دەپ بالاڭنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولۇسەن، ئاۋۋال بالاڭنى ئۆزۈڭ ئالدايسەن: «مانا بۇنى بېرىمەن، مانا ئۇنى بېرىمەن» دەپ، دەسلەپ بالاڭنى ئالدىغىنىڭغا بىر مەنا بولۇسەن؛ كېيىن بالاڭ ئالدامچى بولۇپ چىقسا كىمدىن كۆرۈسەن؟ «تىللا» دەپ بىرىنى تىللىتىپ، «بۇ كاپىر قېپىق، مۇشۇنىڭغا تەگمەڭلار!» دەپ ئۇنى ئۆستۈرۈپ، بەڭباشلىققا ئۆگىتىپ

قويۇپ، مەكتەپكە بەرگەندە موللىنىڭ ئەڭ ئەرزىنىنى ئىزلەپ، «خەت تونۇسا بولدى» دەپ، «قۇۋ، غەر بول» دەپ، «پالانچىنىڭ بالىسى سېنى سىرتىڭدىن سېتىپ كېتىدۇ» دەپ ئىرىك جانغا ئىشەندۈرمەي، يات مىجەز قىلىپ بەرگەن تەلىماتىڭ شۇمۇ؟ مۇشۇ بالىدىن ياخشىلىق كۈتەمسىنا؟

يەنە، مال تىلەيسىلەر، نېمە كېرەك قىلاي دەپ تىلەيسىلەر؟ ئاۋۋال خۇدادىن تىلەمسەن؟ خۇدا ساڭا بەردى، بەرگىنىنى ئالمايسەن. خۇدايىتائالا ساڭا ئەمگەك قىلىپ مال تاپقۇدەك قۇۋۋەت بەردى. ئۇ قۇۋۋەتنى ھالال كەسىپ قىلىدىغان ئورۇنغا سەرپ قىلمايسەن. ئۇ قۇۋۋەتنىڭ ئورنىنى تېپىپ سەرپ قىلغۇدەك ئىلىم بەردى. ئۇنى ئوقۇمايسەن، ئۇ، ئىلىمنى ئوقۇساڭ ئوقۇغۇدەك ئەقىل بەردى، نەگە قىلىۋەتكىنىڭنى كىم بىلىدۇ؟ ... ئىرىنمەي ئەمگەك قىلسا، ئۈمىدسىزلەنمەي ئىزلىسە، يولىنى تېپىپ ئىشلىسە كىم باي بولمايدۇ؟ ئۇنىڭ ساڭا كېرىكى يوق، سەن بىرىدىن قورقۇتۇپ ئالساڭ، بىرىدىن يالۋۇرۇپ ئالساڭ، بىرىدىن ئالداپ ئالساڭ، بولغىنى ئىزلىگىنىڭ شۇ.

بۇ خۇدادىن سورىغان ئەمەس. بۇ ئابروينى، نومۇسنى سېتىپ، كىشىنى بۇلىغانلىق، تىلەمچىلىك. خوش، شۇنداق قىلىپ، ئەقىل ھەم مال تاپتىڭ، باي بولدۇڭ، ئەمدى شۇ مالنى سەرپ قىلىپ ئىلىم ئېلىش كېرەك. ئۆزۈڭ تاپالمىساڭ، بالاڭ تاپسۇن، ئىلىمسىز دۇنيامۇ يوق، ئاخىرەتمۇ يوق. ئىلىمسىز ئوقۇغان ناماز، تۇتقان روزا، قىلغان ھەج ھېچبىر ئىبادەت ئورنىغا ئۆتمەيدۇ، ھېچبىر قازاق كۆرمىدىمكى: مالنى ئىتلىق بىلەن تاپسىمۇ، ئادەمگەرچىلىك بىلەن تاپسىمۇ، ئادەمگەرچىلىك بىلەن سەرپ قىلغان، ھەممىسى ئىتلىق بىلەن تاپىدۇ، ئىتلىق بىلەن يوقىتىدۇ. ئەمگەك كۆيۈكى، خاپىلىقى شۇ ئۈچتىن باشقا ئۆزىدە ھېچنەرسە قالمايدۇ. باردا «بايمەن» دەپ ماختىنىدۇ، كەمبەغەل بولۇپ قالغاندا «ئىلگىرى مەنمۇ مالىق بولغانىدىم» دەپ ماختىنىدۇ. پېقىرلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە خەيرچىلىككە چۈشىدۇ.

× × ×

1893 — يىلى

## ئون بەشىنچى سۆز

ئەقىللىق ئادەم بىلەن ئەقىلسىز ئادەمنىڭ مىنىڭ بىلىشىمچە بىر بەلگىلىك پەرقىنى كۆردۈم. بىرىنچى، بەندە ئادەم بولۇپ يارىتىلغاندىن كېيىن، دۇنيادا بىر نەرسىگە قىزىقماي يۈرەلمەيدۇ؛ شۇ قىزىققان نەرسىسىنى ئىزلىگەن مەزگىلى ئۆمرىنىڭ ئەڭ قىزىق ۋاقتى بولۇپ، ئېسىدە قالىدۇ. شۇ چاغدا ئېسى بار ئادەم ئورۇنلۇق ئىشقا قىزىقىپ، خۇمارى بولۇپ ئىزلەيدىكەندە، كېيىنكى كۈندە ئاڭلىغان قۇلاق، ئويلىغان كۆڭۈل خۇشال بولغۇدەك بولىدىكەن. بۇ، ئۆتكەن ئۆمرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدىكەن. ئېسى يوق ئادەم ئورۇنلۇق ئىش تاپالماي، نېمە توغرا كەلسە شۇنى قىلىپ، مەنىسىز، قىممىتى يوق نەرسىگە قىزىقىپ، شۇنىڭغا خۇمارى بولۇپ، ئۆمرىنىڭ قىزىق، قىممەتلىك مەزگىلىنى ئىستىخورلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئالىدىكەندە، كۈنلەرنىڭ كۈنىدە پۇشايمان قىلغان بىلەن پايدا قىلمايدىكەن. ياشلىقىدا بۇ قىزىقنىڭ كەينىدىن يەنە

بىر قىزىقنى تېپىپ، ئالىدىغان ئادەمگە ئوخشاپ، ياشلىقى تۈگىمەيدىغان، كۈچىدىن قالمايدىغاندەك قىلىپ يۈرۈپ، بىر قىزىقنى ئاياغلاشتۇرمايلا، ئۈگىلىرى قېتىپ، كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىپ، ئىككىنچى تىلەككە غەيرەت قىلىشقا يارىماي قالىدىكەن.

ئىككىنچى، ھەربىر نەرسىگە قىزىقماقلىق، ئۇ ئۆزى ئادەمگە ئارمان پەيدا قىلىدىغان نەرسىكەن، ھەر بىر ئارمان ئۆزىگە بىر دەرد بولىدىكەن. ھەر تۈرلۈك ئارمان قىلغان نەرسىگە يەتكەندە ياكى مانا يېتىمەن، ئەنە يېتىمەن دەپ يېتەر-يەتمەس بولۇپ يۈرگەندە، بىر تۈرلۈك مەست بولۇش پەيدا بولىدىكەن. ھەر بىر مەست بولۇشى، ئۆزىدە مەغرۇرلۇق پەيدا قىلىپ، ئەقلىنىڭ (كۆڭۈلنىڭ) كۆزىنى توساپ ئېلىپ، ئەتراپتىكى قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، «ئاۋۇنى قارا، ئاۋۇنى قارا» دېگۈزۈپ، ئۆزىنى سېتىپ قويىدىغان نەرسىكەن. شۇ چاغدا ئەسلىدىكى ئادەملەر ھوشىدىن كېتىپ قالماي، ئەقلىدىن ئاداشماي، ئۆزىنى سىناتماي ئىزلىنىدىكەن، ئېسى يوق ئادەملەر ئىگەر توقۇمىنى تاشلاپ، بېشىدىكى بۆكى چۈشۈپ قالسىمۇ، چاپىنىنىڭ ئېتەكلىرى پالاقلاپ، ئاتىنىڭ ساغرىسىنى يېپىپ كەتكىنى بىلەنمۇ ئىشى يوق، ئىككى كۆزى ئاسماندا، ساراڭ ئادەمگە ئوخشاش چېپىشىنىلا بىلىدىكەن، - شۇنى كۆردۈم.

ئەگەردە ئەسلىدە ئادەملەرنىڭ قاتارىدا بولغۇڭ كەلسە كۈندە بىر قېتىم، بولمىسا ھەپتىدە بىر قېتىم، ئەڭ بولمىغاندا ئايدا بىر قېتىم ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ ھېساب ئال. شۇ ھېساب ئالغانىنىڭ بىرسىدىكى ئۆمرۈنى قانداق ئۆتكۈزدىڭكىن، يا بىلىم ئېلىشقا، يا ئاخىرەتكە، يا دۇنياغا يارىغۇدەك، كېيىنكى كۈندە پۇشايمان قىلمىغۇدەك قىلىپ ئۆتكۈزەرسەنمۇ؟ ياكى بولمىسا، نېمە قىلىپ ئۆتكۈزگىنىڭنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەي قاپسەنغۇ؟

## ئون يەتتىنچى سۆز

غەيرەت، ئەقىل، يۈرەك - ئۈچى، ئۆز خىزمەتلىرىنى ئېيتىشىپ ئولتۇرۇپ ئىلمىغا دەۋا قىلىشىپتۇ. غەيرەت ئېيتىدىكەن: ئەي ئىلىم ئۆزۈڭ بىلىسەن دۇنيادا ھېچبىر نەرسە مېنىڭسىز كامالەتكە يەتمەيدۇ. ئاۋۋالى سەن ئىلىم ئۆزۈڭنىمۇ بىلىش ئۈچۈن ئېرىنمەي، زېرىكمەي ئىزلەپ يۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئورنىغا كەلتۈرۈش مېنىڭ ئىشىم. خۇدايىمغا مەقبۇل بولغۇدەك ئىبادەتنى ئېرىنمەي، زېرىكمەي قىلىپ، ئورنىغا كەلتۈرۈشمۇ مېنىڭ ئىشىم. دۇنيادا تۇرۇشقا لايىق ھۈنەر، مال، ئابروي، مەنسەپلەرنىمۇ ئەمگەكسىز تېپىشقا بولمايدۇ، ئورۇنسىز، يارىماس ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلايدىغان، گۇناھكارلىقتىن، كۆرسە خۇمار يېنىكلىكتىن، نەپسى شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان، ئاداشقان يولدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالىدىغان مەن ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ ئىككىسى مېنىڭ بىلەن نېمىشكە تالىشىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەقىل ئېيتىپتۇ: دۇنيادا، ئاخىرەتتە نېمە كېرەكلىكىنى، نېمە پايدىلىق، نېمە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان مەن. سېنىڭ سۆزۈڭنى ئۇقىدىغان مەن! مېنىڭسىز پايدىنى ئىزلىمەيدىكەن، زىياندىن قاچالمايدىكەن، ئىلىمنى ئۇقۇپ، ئۆگىنىپ ئالالماي-

www.uyghurkitap.com



دىكەن، مۇشۇ ئىككىسى مېنىڭ بىلەن نېمىشقا تالىشىدۇ؟ مېنىڭسىز ئۆزلىرى نېمىگە يارايدىكىن؟ دەپتىمىش.

ئاندىن كېيىن يۈرەك دېگۈدەك: مەن ئادەم تېنىنىڭ پادىشاھىمەن، قان مېنىڭدىن تارايدۇ. جان مەندە جايلاشقان، مەنسىز تېرىكلىك يوق، يۇمشاق چۈشەكتە، ئىسسىق ئۆيدە قورسىقىمنى توق ياتقان ئادەمنى، چۈشەكسىز كەمبەغەلنىڭ مۇزلاپ يۈرگەن اكىـ يېمىسىزنىڭ، تامىقى يوق ئاچنىڭ ھال‑ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدىكىن دەپ ئويلاتمىپ، ئىچىنى ئاغرىتىپ، ئۇنى ياتقان ئورنىدا بىئارام قىلغان مەن. چوكىدىن ئويالدۇرۇپ، كىچىككە رەھىم قىلدۇرىدىغان مەن. لېكىن مېنى پاكىز، ساپ ساقلىمايدۇ، ئاخىرىدا مېنى خار قىلىدۇ، مەن ساپ بولسام، ئادەم بالىسىنى ئالدىمايمەن؛ ياخشىلىققا ئېزىلىپ ئېرىيدىغان مەن، يامانلىقتىن سەسكىنىپ، تېپىرلاپ كېتىدىغان مەن، ئادالەت، ئىنساب، ئۇيات، رەھىم، مېھرىبانلىق دېيىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەندىن چىقىدۇ. مەنسىز بولارنىڭ كۆرگەن كۈنى نېمە بولماقچى؟ مۇشۇ ئىككىسى نېمىشقا تالىشىدۇ؟ دەپتىمىش.

شۇ چاغدا ئىلىم، بۇ ئۈچىلىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەپتىمىش: ھوي، غەيرەت! سېنىڭ ئېيتقىنىڭنىڭ ھەممىسى راست؛ ئۇ ئېيتقانلىرىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئىشلىرىڭنىڭ بارلىقىمۇ راست. سەنسىز بولمايدىغىنىمۇ راست. لېكىن جابدۇقۇڭغا قاراپ، قاتتىقلىقىڭمۇ نۇرغۇن، قائىدەڭمۇ تولا، لېكىن، زىيىنىڭمۇ تولا، بەزى ۋاقىتتا ياخشىلىقنى مەھكەم تۇتۇپ، بەزىدە يامانلىقنى مەھكەم تۇتۇپ ئالىسەن، شۇ ئىشىڭ يامان، دەپتىمىش.

ھوي، ئەقىل! سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست، سەنسىز ھېچنەرسە تېپىلمايدىغانلىقىمۇ راست، ياراتقان خۇدانىمۇ سەن تونۇتىسەن. يارالغان ئىككى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى سەن بىلىسەن، لېكىن شۇنىڭ بىلەن تۇرمايسەن. ئامالمۇ، ھىلىمۇ سېنىڭدىن چىقىدۇ. ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئىككىلىسىنىڭلا يولىنىڭنى، ئىشەنگىنىسەن؛ ئىككىسىنىڭ ئىزلىگىنىنى تېپىپ بېرىپ يۈرگەن سەن. شۇ ئىشىڭ يامان، دەپتىمىش. سەن ئۆچىڭنىڭ بېشىنى قوشماق، مېنىڭ ئىشىم دەپتىمىش، لېكىن شۇندا بىلگۈچى ئەمرى قىلغۇچى يۈرەك بولسا بولىدۇ، ئەقىل سەن نەچچە قىرلىقسەن. يۈرەك سېنىڭ ئۇ دېگىنىڭگە ماڭمايدۇ. ئېيتقان ياخشىلىقىڭغا جان دىلى بىلەن خۇمارى بولىدۇ. ماقۇل دېمەك تۇرماق، خۇشال بولىدۇ، ئېيتقان يامانلىقىڭغا ئەگەشمەيدۇ. ئەگەشمەك تۇرماق، سەيكىنىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

غەيرەت سېنىڭ قۇرالىڭ تولا، كۈچۈڭ نۇرغۇن، سېنىڭمۇ ئىختىيارىڭغا قويۇپ بەرگمەيدۇ، ئورۇنلۇق ئىشقا كۈچۈڭنى ئاياتقۇزمايدۇ. ئورۇنسىز يەرگە قولۇڭنى بوشاتمايدۇ، مۇشۇ ئۈچىڭلار بېشىڭلارنى قوشۇڭلار، ئاراڭلاردىن بىلىمكىنى يۈرەككە بېرىڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇپ ئېيتقۇچىنىڭ ئېيتى ئىلىم ئىكەن. مۇشۇ ئۈچى بىر ئادەمدە بولۇپ، مېنىڭ ئېيتقىنىمدەك بولسا، باسقان ئىزىدىنى كۆزگە سۈرتكۈدەك خاسىيەتلىك ئادەم شۇ، ئۈچىڭ ئالا بولسىڭ، مەن يۈرەكنى ياقلايمەن، خۇدانى تونۇغان قەلبىڭنى پاك تۇت، خۇدايىڭ ئالا قەلبىڭگە ھەر دائىم قارايدۇ، دەپكىتابىنىڭ ئېيتقان سۆزى مۇشۇ — دەپتىمىش.

## ئون سەككىزىنچى سۆز

ئادەم بالىسىغا تازا، پاكىز، سىپايە كىيىنىپ، ئۇ كىيىمنى بۇلغاپ، ئىپلاس قىلىپ كىيمەي، پاكىز كىيمەك ــ ھەممىسى دۇرۇست ئىش. لېكىن ئۆز دۆلىتىدىن ئارتۇق كىيىنمەكلىك ياكى كىيىمى ئارتۇق بولىشىمۇ، ئۆز كۆڭلىدە ئارتۇق كۆرۈپ، سىلاپ-سىپاپ كېتىش ماختانچۇقنىڭ (ياسانچۇقنىڭ) ئىشى. ماختانچۇقنىڭ ئىككى تۈرلۈك قىلىقى بولىدۇ: بىرى، ئۆز كۆزىنى، ئەزالىرىنى، مېگىش-تۇرۇشىنى، قاش-قاپىقىنى قولى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ، چىمەلتىكىنى كېرىپ، قولىنى تاغاق قىلىپ، ئاۋارە بولماق. يەنە بىرى، ئېتىنى، كىيىمىنى «ئايران ئىچكۈزىدىغىنىم» دەپ، شۇنىڭ ئارقىسىدا سىپايى، يۇقۇملۇق يىگىت ئاتانماقتا، ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرگە يارامسوق بولۇپ، ئۆزى بىلەن تەڭلىرىنىڭ ئىچىنى ئادىتىپ، ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەرنى: «ئەتتەڭ دۇنيا، مۇشۇلارنىڭ ئېتىدەك ئات مىنىپ، كىيىمىدەك كىيىم كىيگەننىڭ نېمە ئارمىنى بار!» دېگۈزۈشنى ئويلىماقلىق.

بۇنىڭ ھەممىسى مەسخىرىلىك، ئەخمەقلىق، بۇنى ئادەم بالىسى ھېچقاچان ئويلىمىسۇن، ئەگەردە بۇ ئويغا كىرىپ قالسا، يېنىپ ئادەم بولماق قىيىن ئىش. ماختانچۇقلۇقنى: مانا شۇنداق كاج، گەدەنكەش نېمىدىن قېچىڭلار دېگەن سۆزگە ئوخشىتىمەن. تۆۋىدە ئادەم بالىسى، ئادەم بالىسىدىن ئەقىل، ئىلىم، ئويات خۇلۇق دېگەن نەرسىلەر بىلەن پەرق قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ماختىنىش ئەخمەقچىلىق.

## ئون توققۇزىنچى سۆز

ئادەم ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغاندا ئەسلىك بولمايدۇ؛ ئاڭلاپ، كۆرۈپ، تۇتۇپ، تېتىپ، ئەسكەرتسە، دۇنيادىكى ياخشىنى، ياماننى تونۇپ، شۇلاردىن ئالغان مەلۇماتى كۆپەيگەندىلا بىلىملىك ئادەم بولىدۇ. ئەسلىك ئادەملەرنىڭلا سۆزلىرىنى ئەسكىرىپ يۈرگەن كىشى، ئۆزىمۇ ئەسلىك ئادەم بولىدۇ، يالغۇز ئەسلىك بولۇشنىڭ ئۆزىلا ئىشقا يارىمايدۇ، شۇ ئەسلىكلىكى بىلەن ئاڭلاپ بىلگەن، ياخشى نەرسىلەرنى ئىشلىسە، يامان دېگەن نەرسىلەردىن ساقلانسا، شۇ چاغدا ئىشقا يارايدۇ. شۇ چاغدا ئادەم دېسە بولىدۇ، مۇنداق سۆزنى ئاڭلىغاندا: چالۋاقاپ، بۇزۇقلۇق بىلەن ياكى روھسىزلىنىپ، بوشاڭلىق بىلەن ئاڭلىسا ياكى ئاڭلىغان جايىدا ياندۇرۇپ سوراپ ئۇقاي دەپ كۆڭۈل بەرمىسە ياكى شۇ يەردە سۆزنىڭ راستلىقىغا كۆزى يەتسىمۇ، ئۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئەكسىگە تارتىپ كەتسە، ئاڭلىغان، ئاڭلىمىغانىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ «مانا شۇنداق سۆز ئۇقمايدىغان ئەلگە (خەلققە) سۆز قىلغۇچە، ئۆزۈڭنى تونۇيدىغان چوشقىنى باققىنىڭ ياخشى» دەپ بىر ھاكىم ئېيتقانىكەن. بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

... 1894 ـ يىلى ...

## يىگىرمىنچى سۆز

تەقدىرنىڭ پەرمانىنى بىلىسىلەر، ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ تەقدىرمۇ ئادەم بىلەن يارىتىلغان نەرسە. بەندىدە زېرىكىش دېگەن بىر ئىش بار. ئۇنى ئادەم ئۆزى تاپقان ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭغا بىر يولۇقسا ئادەم بالىسىنىڭ قۇتۇلمىقى قىيىن (تەس). غەيرەت قىلىپ، سىلكىپ تاشلاپ كەتسەڭمۇ، ئاخىرىدا يەنە كېلىپ يېڭىدۇ. ئەقلى تولۇق، پىكرى ئۇچۇق ئادەم بالىسى مۇشۇ ئادەم بالىسىنىڭ زېرىكمەيدىغان نەرسىسى بارمىكىن؟ ئاماقتىنمۇ، ئويۇندىنمۇ، كۈلكىدىنمۇ، ماختانچاقلىقتىنمۇ، تەكەببۇرلۇقتىنمۇ، تويىدىنمۇ، تالاشتىنمۇ، خوتۇندىنمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر كۆڭلى قايتىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى ھەممىسىنىڭ ئەيىبىنى (كەمچىلىكىنى)، پانىي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىلىدۇ، ئاندىن كېيىن كۆڭۈل سوۋۇشقا باشلايدۇ، دۇنيا بىر قېلىپتا تۇرمايدۇ؛ ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى، ئۆمرى بىر قېلىپتا تۇرمايدۇ؛ ھەر بىر مەخلۇققا خۇدايىتائالا بىر قېلىپتا تۇرماقنى بەرگەن ئەمەس. ئۇنداق بولسا كۆڭۈل قانداق بىر قېلىپتا تۇرالايدۇ.

مانا مۇشۇ زېرىكىش دېگەن، ھەر نەرسىنى كۆرەي دېگەن، كۆپىنى كۆرگەن، تەمىنى تېتىغان، قىممىتىنى، پانىي ئىكەنلىكىنى بىلگەن پىكىرلىك ئادەمدىن چىقىدۇ. ئۆمۈرنىڭ شۇنچىلىك پانىي ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ ھەر بىر قىزىقىنىڭ ئاخىرى قىسقا ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلەر، بىلگەنلەر تېرىكچىلىكتىنمۇ زېرىكسە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندىن كېيىن ئەخمەقلىق، قايغۇسىزلىقمۇ بىر غەنىمەت ئىكەن دەپ ئويلايمەن.

1951 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قازاق ئېلى» ژۇرنىلىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇقادىر تۇرسۇن**

---

(بېشى 88 ـ بەتتە)

ـ مەن، ـ دەپتۇ كەمبەغەل خەلپەت، ـ ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ ئادەم ئۈچۈن ئاش، ناندىن مۇھىم نەرسە يوقلۇقىنى سەزگەن. يېشىم چوڭـايغانسېرى ئۆزۈم ئىشلەپ ئۆز جېنىمنى بېقىش ئارقىلىق ئاش ـ ناننىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يەتتىم. شۇڭا ئاش ـ ناننى قۇرئانى كەرىم بىلەن ئوخشاش مۇھىم دەپ قارايمەن، ـ دەپتۇ.

ـ مەن، ـ دەپتۇ باي خەلپەت ناھايىتى زەئىپ ھالدا، ـ كىچىكىمدىن تارتىپ ئۆزەم ئىشلەپ، ئۆز قولۇم بىلەن تائام يەپ باقمىغان، ماڭا ھەمىشە زورلاپ تائام يېگۈزەتتى. بۇ قېتىم بىر نەچچە كۈن ئاچ قورساق كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق بىلدىمكى: پەقەت ئادەمنىڭ قورسىقى توق، تېنى ساق بولسىلا ئاندىن خاتىرجەم بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتى بولىدىكەن. مەنمۇ ئاش ـ ناننىڭ مۇھىملىقىغا قايىل بولدۇم، ـ دەپتۇ.

ئىككى تەرەپ بولۇپ مۇنازىرە قىلىشقان تالىپلار ئۇستازىنىڭ دانا تەدبىرىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: **مەتنۇرى توختى**

## خوتەن شەھەر ئىچىدە تۇرۇشلۇق ئاپتورلار مائارىپىنى قوللاش نەمۇنىچىسى كېرەم ئىمىننى يوقلىدى

كېرەم ئىمىن ئاپتورلارغا ئۆزىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، بېيىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش تەجرىبىلىرىنى سۆزلىمەكتە.





كېرەم ئىمىن ئاپتورلار بىلەن سۆھبەتتە.

(سىدىق قاۋۇز فوتوسى)

www.uyghurkitap.com



يازغۇچى مەمتىمىن ئابدۇۋەلى ئىجادىيەت ئۈستىدە

# 新 玉 文 艺 يېڭى قاشتېشى

*NEW JADE LITERATURE*


1993 年第一期（双月刊）
编辑：《新玉文艺》编辑部
出版：和田行署文化处
喀什日报社印刷厂印
发行：和田地区邮电局
订阅：全国各地邮电局
印张：787×1092.1/16,6.25 张
国内外统一刊号：
ISSN 1002—929X
CN 65—1088/1
代　号：58—26

1993 - يىل 1 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 787×1092 مم، 1/16 6.25 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002—929X
CN 65—1088/1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 26

电话：23792
定价：0.60 元

تېلېفون نومۇرى: 23792
باھاسى: 0.60 يۈەن